Doğu Türkistan Müslümanları Dergisi
مجلة مسلمي تركستان الشرقية
Journal of Eastern Turkistan Muslims
东突厥斯坦穆斯林杂志
Журнал "Мусульмане Восточного Туркестана
東トルキスタンムスリム 雑誌
Zeitschrift der Muslime aus Ost-Turkistan
Le Magazine des Musulmans du Turkestan Oriental

# شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

يېرىم يىللىق ئىلمىي، سىياسىي، تارىخىي، ئەدەبىي ژۇرنال | 2017 - يىلى 6 - ئاي | 1 - سان (ئومۇمىي 3 - سان)



شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپلەر

ئەلىي ئىززەتبېگوۋىچ

بىر مۇستەملىكىنىڭ شەكىللىنىشى

ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ۋە مەن

-ئابدۇلجېلىل تۇران

1
2017

Şarki Türkistan Müslümanları

# شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

يېرىم يىللىق ئىلمىي، سىياسىي، تارىخىي ۋە ئەدەبىي ژۇرنال

2017 – يىل 6 – ئاي 1 ـ سان

(ئومۇمىي 3 ـ سان)

تەسىس قىلغۇچى ۋە باش مۇھەررىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

ئىجازەتنامە نومۇرى:

25601048 ـ B.M 2016/1216

مەسلىھەتچىلەر: (ئېلىپبە تەرتىبى بويىچە)

ئابدۇلئەھەد ھاپىز (سەئۇدى ئەرەبىستان)

دوكتور ئاتائۇللاھ شەھيارى (تۈركىيە)

دوكتور ئالىمجان بۇغدا (تۈركىيە)

تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن (گېرمانىيە)

ئەكرەم ھىزىم (گېرمانىيە)

پەرھات مۇھەممەدى (گېرمانىيە)

سىراجىددىن ئەزىزى (سەئۇدى ئەرەبىستان)

كامىل تۇرسۇن (كانادا)

مۇھەممەد يۈسۈپ (سەئۇدى ئەرەبىستان)

مىركامىل كاشغەرىي (تۈركىيە)

ئىلشات ھەسەن (ئامېرىكا)

ئەسكەرتىش:

«شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەر خىل ژانىردىكى يازما ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يازغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىز ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئالاقىدار ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:

Merkez Mah. 2090 Sok.1BF Selimpaşa - Silivri /İSTANBUL

Cep: (+90) 532 414 40 55

## مۇندەرىجە

مۇھەررىردىن ............ 02

ئابدۇلجېلىل تۇران

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ۋە مەن ............ 03

ئەلىي ئىززەتبېگوۋىچ ـ ئىسلاھ ھەرىكىتىنىڭ دانىشمەن رەھبىرى .. 09

ئادىلجان تەرجىمىسى

مىركامىل كاشغەرىي

شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپلەر ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرى ............ 25

مۇھەممەد يازىل

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئىمامى ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى ............ 43

ت. شەھىدى

ئۈمىد نۇرى ............ 58

بىر مۇستەملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ............ 68

ئابدۇۋەلى ئايۇپ تەرجىمىسى

پروفېسسور دوكتور تالىپ ئۆزدەش

شەرقشۇناسلىقنىڭ ئىسلام قارىشى ............ 93

ئادىلجان تەرجىمىسى

نەدىم جىسىر

زىيالىي ياشلىرىمىزنىڭ ئىمان ۋە دىندارلىق سىنىقى ............ 101

قارلۇق تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىردىن:

مەلۇمكى، يېقىندىن بۇيان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلمى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارماقتا.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى، بولۇپمۇ «موللا»، «ئۆلىما»لىرىمىز ساقال قويۇش سۈننەتمۇ ياكى مۇباھمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ، ساقاللىق ماركىسىنى جەننەتكە، ساقالسىز سەييىد قۇتۇبنى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىشماقتا. يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالىرىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە ئاز بولسىمۇ ئىزدىنىپ بېقىشنىڭ ئورنىغا يۇسۇف قەرداۋىي ياكى ئائىز قەرنىدەك بىرەر مەشھۇر ئۆلىمانىڭ يېنىدا تۇرۇپ رەسىمگە چۈشۈۋالسا تاراتقۇلاردا بەس - بەستە تارقىتىشىپ، شۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈن كەچۈرمەكتە.

شەرقىي تۈركىستاندا زۇلۇم داۋام قىلماقتا. يېڭى «قانۇنلار» ئېلان قىلىنىپ، يېڭى زۇلۇملار پەيدا بولماقتا.

مەنچە بولغاندا، بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى تەبەقىدىكى ئالىم - ئۆلىمالىرىمىز شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ۋە ئادا قىلىشتا ھەرخىل قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا دۇچار بولۇۋاتقان روزا ۋە ھەج قاتارلىق پەرز ئىبادەتلەرگە ئەرەبىستان شەيخلىرىنىڭ ياكى مىسىر دوكتورلىرىنىڭ ۋەياكى ھىندىستان مەۋلىۋىلىرىنىڭ پەتىۋالىرىنى ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ كەلمەي ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا تەتبىقلىغىلى بولىدىغان پەتىۋالار ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى شەرىئەت ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇۋاپىق كېلىدىغان شەرىئەت ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى دۇچ كەلگەن دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ ھەپتىدە بىر كۈن پەتىۋا بەرمەكچى بولغانلىقى ھەققىدىكى قارارى مېنى ئازراق ئۈمىدۋار قىلماقتا.

بۇيىل 2 - ئايدا سىپروستا، 5 - ئايدا بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىستراتېگىيە يىغىنىدىن كېيىن كېلىپ چىققان كىرىزىس ۋە بۈگۈن ئەڭ قىزىق بەس - مۇنازىرە تېمىسى بولۇۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىچىدىكى زىددىيەت ۋە تالاش - تارتىشلارنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ پەرىشان، دوسلارنىڭ خۇشال بولىدىغانلىقىغا ۋە مەسىلىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ■

# ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ۋە مەن



ئابدۇلجېلىل تۇران

2016 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر كۈنى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز مۇسىبەتلىك، ئىنتايىن قايغۇلۇق بىر كۈن بولدى. يەنى بۇ كۈندە جامائەت ئەربابى، دىنىي ئۆلىما، سىياسىي يېتەكچى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ مەنىۋىي ئۇستازى ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتتى. مەرھۇمنىڭ ۋاپات خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە ھەرخىل تاراتقۇلار ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. بۇ شۇم خەۋەر مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى، دوس ـ بۇرادەرلىرىنى، سەپداشلىرىنى، تالىپلىرىنى ھەمدە مەرھۇمنى تونۇغان ـ تونىمىغان، كۆرگەن ياكى كۆرمىگەن كىشىلەرنى ئېغىر مۇسىبەت ۋە كۆز يېشىغا غەرق قىلدى.

23 ـ دېكابىر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ زەيتىن بۇرنۇ رايونىدىكى ئەمىنە ئىنانچ جامەسىدە مەرھۇمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. جىنازا نامىزىغا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل، ئەنقەرە ۋە قەيسەرى شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر جامائىتى قاتناشقانىنىڭ سىرتىدا، سەئۇدىي ئەرەبىستان، گېرمانىيە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇرۋېگىيە، قازاقىستان ۋە شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 20 دىن ئارتۇق كىشى جىنازا نامىزىغا ھازىر بولۇپ، مەرھۇمغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى نامايەن قىلدى.

ئەلۋىدا ئۇستاز!

* * * * *

مەن مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم بىلەن تۇنجى قېتىم 1997 - يىلى يازدا ئىستانبۇلدا كۆرۈشكەن ئىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان مەخسۇم مەيلى مىسىردىكى ۋاقتىدا بولسۇن مەيلى تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولسۇن ھەمىشە كۆرۈشۈپ، سۆھبەتلىشىپ، سىردىشىپ، مۇڭدىشىپ ئۆتكەن.

مەن مەخسۇمنىڭ تەرجىمىھالى، ئەخلاق - پەزىلىتى، دىن - دىيانىتى ۋە باشقا تەرەپلىرى ھەققىدە توختالماقچى ئەمەس. پەقەتلا بىزنىڭ 20 يىللىق دوستلۇقىمىز جەريانىدا ئوتتۇرىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتلىرىمىز ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچى.

مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم 2006 - يىلى شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان نۇرغۇن پائالىيەتلەرگە باشلامچىلىق ۋە يېتەكچىلىك قىلغان. مەسىلەن: ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى، يىلدا بىر قانچە قېتىم خىتاي كونسۇلى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نامايىش[1]... مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۇچۇن جەمئىيەتنىڭ تونۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى شەرت ئىدى. مەخسۇم بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇچۇن 2000 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە پاكىستان، سۈرىيە، يەمەن، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردە بىر قانچە يىلدىن دىنىي مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، چىقىش يولى ئىزدەپ تۈركىيەگە يىغىلىپ قالغان، ھاياتىدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بىرەر كىتاب ياكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر پارچە ماقالە ئوقۇپ باقمىغان تالىبلارنى جەمئىيەتكە يىغقان ھەمدە 1980 - يىللاردىن بېرى تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى مائاشسىز ئېلىپ بېرىش پائالىيىتىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى مائاشلىق ۋە سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىش باسقۇچىغا كۆتۈرگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا 25 - 30 غا يېقىن كىرالىق ئىنقىلابچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلگەن. يەنى شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، ئۇنىڭغا قاراشلىق سۇتۇق بۇغراخان ۋەقپى، مۇقىم ئۈچ - بەش كىشى ئىشلەيدىغان، يىلدا بىر پارچە كىتاب چىقىرالمايدىغان سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى ۋە ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىدە 25 - 30 ئۇيغۇرنىڭ ئاغزى ئاشقا، قولى ئىشقا تەگكەن. بۇ ئىشلار پۈتۈنلەي مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇمنىڭ ھارماي - تالماي تىرىشىشى بىلەن رويابقا چىققان. بۇلاردىن بىر قىسمى

(1) يېقىندىن بۇيان نامايىشمۇ ئەمەلدىن قېلىپ، نامايىش قىلىدىغان كۈنلىرى 30 - 40 كىشى جەمئىيەت مەركىزىگە يىغىلىپ مېھمان بولۇپ، رەسىمگە تارتىپ تاراتقۇلاردا تارقىتىپ قويىدىغان بولۇشتى.

تۈركىيەدە ئوقۇپ مەلۇم ئۇنۋان ئالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يۇقىرى مائاشقا ئېرىشىپ جەمئىيەتتىن ئايرىلغان بولسا، ئۇنداق ئۇنۋان ئالالمىغانلىرى بۈگۈنگىچە جەمئىيەت سايىسىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىي تەشكىلاتى - دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا مۇقىم مائاش ئېلىپ ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ سانى 5 - 6 كىشىدىن ئاشمايدۇ.

مەن مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم بىلەن مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە كۆپ تالاش - تارتىش قىلاتتىم.

مەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا سىستېمىلىق ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن، ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، خىتايچە تىللارنى ياخشى بىلىدىغان، ئۇيغۇر تارىخىنى، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىنى، خىتاي تارىخىنى، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى، خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلالايدىغان كىشىلەرنى (ئۇلارنىڭ دىندار بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر) دەۋا سېپىگە جەلب قىلىشنى يەنى سانغا ئەمەس، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلاتتىم. مەخسۇم دەسلەپكى يىللاردا مېنىڭ بۇ پىكرىمگە قەتئىي قوشۇلمايتتى ۋە مەۋجۇت كىشىلەرنى ھەر ساھەدە يېتىشتۈرۈپ كېتىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. مەن ئۇزۇن يىللىق تەجرىبەمگە ئاساسەن بۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتىم. مەخسۇم دەۋا سېپىدىكىلەرنىڭ - تاشقى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ - دىن - ديانەتلىك، تەقۋادار بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلاتتى. مەن كىشىلەرنىڭ دىن - ديانىتىنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلىپ، ۋەتەنگە، مىللەتكە پايدىلىق كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىشقا مايىل ئىدىم. چۈنكى خەلقئارا ئىسلام ئىدىيە تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ئەزاسى، مۇسۇلمان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش جەھەتتە تەجرىبىلىك ئالىم ھىشام تالىپ: «بىر قىسىم بىلىمى چولتا، كەسىپ بىلمەيدىغان، ئەمما قىزغىنلىقى بار كىشىلەرگە تايىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ بۈگۈنگىچە قەدەر ئەركىن ئەكرەم ۋە ئەركىن ئەمەتسىز بىرەر يىغىن ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىنى، ئون يىل جەريانىدا بىرمۇ سىياسىي رەھبەر يېتىشتۈرۈپ چىقالمىغانلىقىنى، دىنىي ساھەدە ئىككى رەكئەت نامازغا ئىمام بولالىغۇدەك بىرەر تالىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يېقىنقى كۈنلەردە مېنىڭ بەزى قاراشلىرىمنىڭ نىسبەتەن توغرىلىقىنى سۆھبەتلىرىمىزدە قىسمەن تەن ئالغان بولسىمۇ، بۇنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ياكى چارىسىز قالغان بولسا كېرەك.

مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم سىياسىي يېتەكچى بولۇش سۈپىتى بىلەن

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ مەنپەئىتىنى يەنى جەمئىيەتنىڭ تونۇلۇشىنى ۋە تەرەققى قىلىشىنى ھەممىدىن ئەلا بىلەتتى. چۈنكى مەخسۇمچە بولغاندا جەمئىيەت تونۇلسا كىشىلەرنى جەمئىيەت ئارقىلىق بىر خىل پىكىر، بىر خىل ئىدىيە ۋە بىر خىل ئېقىم ئەتراپىدا ئۇيۇشتۇرۇش مۇمكىن بولاتتى. شۇڭا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن قۇرۇلغان باشقا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ تونۇلۇپ كېتىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. باشقا تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئانچە قوللاپ كەتمەيتتى. باشقا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرغان يىغىن ۋە يىغىلىشلىرىغا ئىمكان قەدەر قاتناشمايتتى.

مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم دىنىي ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بارات ھاجىمنى ناھايىتى چوڭ بىلەتتى. باشقا سىياسىي تەشكىلاتلىرىمىزغا، سىياسىي رەھبەرلىرىمىزگە سول كۆز بىلەن قارايتتى. بۇرۇنقى تەشكىلاتلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بىرى مائاشسىز ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلمايتتى، بۇرۇنقى سىياسىي رەھبەرلىرىمىزنى تىلغا ئالمايتتى.

* * * * *

مەن مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم بىلەن بىر قانچە يىل بۇرۇن بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزدە يېقىنقى 30 ـ 35 يىلدىن بۇيان ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا سەلەپىلىك، ئىخۋانىل مۇسلىمىن، جامائىتى ئىسلامىي، ھىزبۇتتەھرىرگە ئوخشاش بىر قانچە خىل دىنىي ئېقىملارنىڭ ئېقىپ كىرگەنلىكىنى، ئەمما ھېچ قايسىسىنىڭ يىلدىز تارتالمىغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈپ، بىزمۇ ئۇيغۇرلاردىن ئۆتكەن بىرەر ئالىمىمىزنى پىشىۋا تىكلەپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنى بىر خىل ئىدىيە ئەتراپىدا بىر يەرگە توپلىغىلى بولامدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە مەسلىھەت سورىدىم. ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم دەرھال بۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ھەقتە مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇمھاجىمنى (ئالدىنقى ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم ھاجىمنى) پىشىۋا تىكلەش مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇمھاجىمنىڭ تۇتقان يولىنى ئاساس قىلىپ ماڭساق بۇ ئىشنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن بۇنىڭغا قوشۇلمىدىم. چۈنكى مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇمھاجىمدىن بىز تۇتقا قىلىپ ماڭىدىغان بىرەر يازما دەستۇر مىراس قالمىغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇمھاجىمنىڭ ئۇن ئالغۇغا ئېلىنغان ۋەز ـ تەبلىغلىرىمۇ يوقىلىپ كەتكەنىدى.

مەنچە بولغاندا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى (مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا مەدرىسىدە يېتىشكەن دىنىي ئالىم بولۇپ، ئەينى زاماندا مۇھەممەد ئەمىن ھەزرىتىم، مۇھەممەد ئەمىن داموللام دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىناتتى ھەمدە سابىت

داموللامنى ئىنقىلاب يولىغا باشلاپ ماڭغان كىشىمۇ دەل مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئىدى ھەمدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا چەت ئەلدىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ فرانسىيەدە تۈزۈلگەن «مەيدان لارۇس» ناملىق قامۇسقا، شۇنىڭدەك، تۈركىيە دىنىي ئىشلار باشقارمىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن 44 توملۇق ئىسلام قامۇسىغا كىرگۈزۈلىشى يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى دەلىللەيدۇ) ياكى سابىت داموللامنى، پەقەت بولمىغاندا ئابدۇلقادىر داموللامنى دىنىي داھىي تىكلەش نىسبەتەن ئەقىلغا ئۇيغۇن ئىدى. چۈنكى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا 1932 - يىلى خوتەندە ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئالدى بىلەن مىللەتنى مىللىي روھ بىلەن تەربىيەلەپ ئويغىتىشنى مەقسەت قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان تارىخى قاتارلىق بىر بۆلۈك قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى بىزگە مىراس قالدۇرغان ئىدى. سابىت داموللام ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، بىزگە بىر ئىسىم بىلەن بىر بايراق تەقدىم قىلغانىدى. ئابدۇلقادىر داموللام بولسا بىر قانچە ئەسەر يېزىپ يېڭى مائارىپ ئىدىيەسىنى مىراس قالدۇرغانىدى.

ئەمما، مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇمھاجىم بولسا يۇزلەرچە تالىپ يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، بىرەر ئېقىم شەكىللەندۈرەلمىگەنىدى.

* * * * *

2012 - يىلى 12 - ئايدا شۋېتسىيەنىڭ ستوكھولم شەھىرىدە بىر ئەرەپ تەشكىلاتىنىڭ بىر قېتىملىق يىللىق چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، شۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ كومىتېتىدىكى ئەرباپلار بۇ يىغىننى خۇددى ئۆزلىرى ئۆتكۈزىدىغان يىغىندەك، بىزگە ئۆزلىرىنى ناھايىتى چوڭ، ئۇنداق - مۇنداق كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان كاتتا بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندەك كۆرسىتىپ كۆندە قانچە قېتىم تېلېفون بېرىپ بىرقانچىمىزنى مەزكۇر يىغىنغا تەكلىپ قىلدى. مەن ئوسلودىن كەلدىم، مەخسۇم ئىستانبۇلدىن كەلدى. يىغىنغا بىللە قاتناشتۇق. مەزكۇر يىغىن جەريانىدىكى ئايرىم بىر ئولتۇرۇشتا مەخسۇم مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇمھاجىمنى دىنىي داھىي تىكلەپ ئۇيغۇرلارنى بىرخىل پىكىر، بىر خىل ئىدىيە ۋە بىر خىل ئېقىم ئەتراپىدا ئۇيۇشتۇرماقچى بولغانلىقى ھەققىدە ئۇزۇن ۋە زىرىكىشلىك سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ، 2016 - يىلى 22 - دېكابىرغا قەدەر بۇ ھەقتە بىرەر ئەمەلىي پائالىيەت قىلغانلىقىنى ئاڭلا باقمىدىم.

* * * * *

مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم ناھايىتى كىچىك پېئىل كىشى ئىدى. ھەرقانداق بىر ھاجەتمەننىڭ - مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى باي، مەيلى گاداي بولسۇن - گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى ۋە قولىدىن كېلىشىچە ھەمدەم

بولۇشقا تىرىشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر خەلقنىڭ رەھبىرى دەل ئۇلارنىڭ چاكىرىدۇر.» دېگەنىدەك مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم دەل مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ھارماس - تالماس چاكىرى ئىدى.

ھەرقاندا بىر كىشى زىياپەتكە ياكى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق، ئىسىم قويۇش، نىكاھ ئوقۇش دېگەندەك پائالىيەتلەرگە چاقىرسا ھەرقانچە ئالدىراش ئىشى بولسىمۇ سورۇنغا ھازىر بولاتتى ۋە سورۇندىكى تونىغان - تونىمىغان جامائەت بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقاتتى.

مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم ھارماس - چارچىماس ئاكتىپ پائالىيەتچى ئىدى. كېچە - كۈندۈز دېمەي، ئىسسىق - سوغۇققا قارىماي شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغانىنىڭ سىرتىدا كۈندە قانچە سائەت تالىپلارغا دەرس بېرەتتى. ۋەز سۆزلەيتتى.

بىرەر ئەمەلدار ئۆلۈپ كەتسە ئورنىغا «مانا مەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان نۇرغۇن ئەزىمەت ئوتتۇرىغا چىقىدىغان گەپكەن. ئەمما بىرەر ئالىم، يەنە كېلىپ مەخسۇمدەك ھەممە تەرەپتىن يېتىلگەن ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىر ئالىم ۋاپات بولسا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش بىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئانچە ئاسان ئىش ئەمەسكەن.

ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدا يېزىقچىلىق پائالىيىتى ئومۇملاشمىغان بولغاچقا مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇمدىنمۇ بىزگە بىرەر يازما ئەسەر مىراس قالمىغان بولسىمۇ، مەخسۇمنىڭ قىسقىغىنە ھاياتى پۇل ساناش بىلەن ئەمەس، كىتاب ۋاراقلاش بىلەن ئۆتكەن ھاياتتۇر.

*****

مەن مەرھۇم ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمغا تالىپ ياكى ئۇستاز بولۇپ باقمىغان بولساممۇ، 20 يىل دوس - بۇرادەر بولۇپ، ئاكا - ئۇكىدەك ئۆتكەن ئىدۇق.

يېقىنقى كۈنلەردە مەرھۇم ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم بىلەن تېخىمۇ كۆپ كۆرۈشىدىغان، تولا ئىزدىشىدىغان، كۆپ مەسلىھەتلىشىدىغان بولغان ئىدۇق.

2016 - يىلى 21 - دېكابىر چارشەنبە كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن، يەنى مەرھۇم ۋاپات بولۇشتىن تەخمىنەن 22 سائەت ئىلگىرى زەيتىنبۇرنۇدىكى ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن كوچىسىغا جايلاشقان «گۆھەر زېمىن» ئۇيغۇر ئاشخانىسىدا چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولغان ئىدۇق. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشىشىمىز ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىمىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بەلكى مەخسۇممۇ ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك...

ئىشىنىمەنكى، گەرچە مەرھۇم ئابدۇلھېكىم خان مەخسۇم لاياقەتلىك بىر تەشكىلات ياكى قابىلىيەتلىك بىرەر جامائەت شەكىللەندۈرەلمىگەن بولسىمۇ، مەخسۇمنىڭ پۈتۈن ئارزۇ ئارمانلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.■



# ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ

## «ئىسلاھ» ھەرىكىتىنىڭ «دانىشمەن» رەھبىرى

ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ كىم ۋە ئۇنى ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلار ئىدىيەسى نۇقتىسىدىن مۇھىم ئورۇنغا كۆتۈرگەن ئامىل زادى نېمە؟ ئۇ بوسنا گېرىتسىگوۋىنا ئۇرۇشىدىكى دانا رەھبەرلىكى بىلەنمۇ ياكى ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلار ئىدىيەسىگە قوشقان ئىلمىي تۆھپىلىرى بىلەن ئەسلىنەمدۇ؟ ئۇنى «يېڭىلىقپەرۋەر» ۋە «ئىسلاھ» ھەرىكىتىنىڭ كېيىنكى دەۋردىكى ۋەكىلى سۈپىتىدە قاراش توغرىمۇ ياكى نۇرغۇن كىشى دېگەندەك ئۇنى «ئىلىم شاھى» سۈپىتىدە كۆرۈش توغرىمۇ؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىغا قىسقىچە نەزەر سېلىپ چىقايلى.

## ھايات سەرگۈزەشتىسى

ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ 1925 ـ يىلى بوسنىيەدە دۇنياغا كەلگەن، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى دىياردا ئوقىدى. باللىقىدىن باشلاپ دىنىي مۇھىتتا چوڭ بولغان ۋە دىنغا ئالاھىدە سۆيگۈسى بولغان ئىززەتبېگوۋىچ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئىسلامىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ، تەشكىلاتتا ئاكتىپ ئىشلەيدۇ. ئىززەتبېگوۋىچ كېيىنكى يىللاردا ئەلى مۇتەۋەللىچىنىڭ «ئىسلام نۇرى» ۋە ئوسمان نۇرى ھاجىچىنىڭ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان»غا ئوخشاش ئەسەرلىرىنى

ئوقۇپ ئىسلامىي ئاڭغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ دەۋردە سارايېوسنا نېمىسلارنىڭ قولىلىشى بىلەن قۇرۇلغان كرود دۆلىتىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا ئىدى. ئىززەتبېگوۋىچ 1943 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن كرودلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنماقچى بولغاندا، سارايېوسنىدىن قېچىپ گىراداچاچقا كېتىدۇ. 1943 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە بۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. سارايېوسنىغا يوشۇرۇنچە بېرىپ كېلىۋاتقان ئىززەتبېگوۋىچ، 1945 ـ يىلى تىتونىڭ ئارمىيەسى (پارتىزانلار) سارايېوسنىنى بېسىۋالغاندا قولغا چۈشۈپ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنىدۇ. ئەسكەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياش مۇسۇلمانلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزا بولۇش، تىتونىڭ ئىدىيەلىرىنى تەنقىد قىلىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق «جىنايەت» بىلەن ئەيىبلىنىپ، 1946 ـ يىلى 1 ـ مارتتا قولغا ئېلىنىپ، 3 يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن سارايېوسنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن كەسپىدە ئوقىغان ئىززەتبېگوۋىچ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن 1956 ـ يىلى قانۇن كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالىدۇ. 1963 ـ يىلى ئادۋوكاتلىق قىلىشقا باشلايدۇ. خۇسۇسىي بىر شىركەتتە 25 يىل قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن دەم ئېلىشقا چىقىدۇ. ئۇ كېيىنچە بارلىق ۋاقتى ۋە زېھنىنى پەلسەپە ۋە ئىسلامىي تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئاتىۋېتىدۇ. يۇگوسلاۋىيەدە چىقىدىغان ھەر خىل گېزىت ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئىنچىل ماقالە ئېلان قىلدۇرىدۇ. ماقالىلىرىنىڭ بەزىلىرى سارايېوسنىدىكى بەزى ئىسلامىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىش ئۈچۈن رەتلەپ چىقىلىدۇ. 1970 ـ يىلى مەشھۇر ئىسلام خىتابنامىسى ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. مەزكۇر كىتابىدا پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى قايتىدىن ئويغىنىشنىڭ باشلامچىلىرى بولۇش ئۈچۈن زىممىسىگە چۈشكەن تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا چاقىرىدۇ. كىتابتا يەنە نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولغان دۆلەتلەردە ئىسلامىي كۆرەشلەرنى قانداق ئېلىپ بېرىش لازىملىقى توغرىسىدا تەكلىپ ـ پىكىر ۋە قاراشلاردىن سىرت، ئوخشىمىغان ئېتنىك توپلۇقلار ياشاۋاتقان رايونلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ھەققىدە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىززەتبېگوۋىچ «شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا ئىسلام» ناملىق كىتابىنى 1980 ـ يىلى يېزىپ چىقىدۇ. 1983 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا قولغا ئېلىنىدۇ. سارايېوسنا رايونلۇق سوت مەھكىمىسىدە سوتلىنىپ 14 يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. سوتنىڭ قارارىغا نارازىلىق ئەرز سۇنغاندىن كېيىن، جازاسى 9 يىلغا تۆۋەنلىتىلىدۇ. 1988 ـ يىلى نويابىردا خەلقئارانىڭ يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتىگە قىلغان بېسىمى سەۋەبىدىن، پارلامېنت قارارى بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. 1989 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتىدىكى دوستلىرى بىلەن قايتىدىن بىر يەرگە يىغىلىپ، پارچىلىنىش باسقۇچىغا كىرگەن يۇگوسلاۋىيەدە مۇسۇلمانلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن

قايتىدىن تەشكىللىنىش پائالىيەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ مەقسەتتە 1990 - يىلى دېموكراتىك ھەرىكەت پارتىيەسى قۇرۇپ پارتىيە رەئىسى بولۇپ سايلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي لاگېردىكى سىياسىي داۋالغۇشلاردىن كېيىن يۇگوسلاۋىيەدىكى كوممۇنىست پارتىيەمۇ ۋەيران بولىدۇ، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنادا تۇنجى سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ، سايلامدا ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ پىرېزىدېنتلىققا سايلىنىدۇ. ئارقىدىن سېرپلار بوسنا - گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىگە ئۇرۇش قوزغايدۇ، كىرودىيە بولسا بوسنىلىقلارغا قارشى سەپتە تۇرىدۇ. ئىززەبېگوۋىچ بوسنىلىقلارنىڭ سېرپلار بىلەن كىرودلارغا قارشى ئېلىپ بارغان بۇ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ دانا رەھبەرلىكى بىلەن قىسقا ۋاقىتتىلا ئىشغال قىلىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن بوسنا - گېرتسېگوۋىنانى ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. 1995 - يىلى ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلگەن دايتون كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن 1996 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا ئۈچ تەرەپلىك پىرېزىدېنتلىق كېڭىشىگە سايلىنىدۇ. پىرېزىنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدا خەلقئارا كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا ئىزچىل قارشى تۇرىدۇ. 2000 - يىلى سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىشىپ كەتكەنلىكتىن پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. 2003 - 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى 78 يېشىدا ساراي بوسنا دوختۇر خانىسىدا ۋاپات بولغان. ۋەسىيىتىگە بىنائەن شەھىت بولغان سەپداشلىرى دەپنە قىلىنغان كوۋاچى مازارلىقىغا يەرلىككە قويۇلىدۇ.

## «بىلىم شاھى»مۇ «دانىشمەن لىدەر»مۇ؟

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەلى ئىززەت-بېگوۋىچنىڭ ئىنقىلابچى سالاھىيىتى باشقا سالاھىيەتلىرىدىن ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ مۇتەپەككۇرلۇق كىملىكىمۇ بار بولۇپ، بۇ تەرەپى تولىمۇ كۈچلۈكتۇر. بىراق بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك ئۇ پىكرى مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەن ۋە شارائىتنىڭ قىستىشى بىلەن ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتكە ئارىلىشىپ قالغان بىرى ئەمەس. ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپ تىنىمسىز كۈرەش قىلغان. ئۇ ئەتراپى «دۈشمەنلەر» بىلەن قورشالغان مۇسۇلمان جۇغراپىيەسىدە ياشىغان بولۇپ، ئىسلامىي ئاڭغا ئىگە يۇقىرى ئاڭ - سەۋىيەلىك زات بولغانلىقتىن، ئېتىقادى يولىدا كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تولىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىلا بالقان مۇسۇلمانلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ، ئاكتىپ ئىشلىگەن. ئۇ مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ يېڭى ئەۋلاد مۇسۇلمان زىيالىيلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە تەشكىلىي تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، تىرىشچانلىق ۋە كۈرەش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزچىل تەكىتلىگەن (ئىسلام خىتابنامىسىدا بۇ ھەقتە نۇرغۇن سۆز - ئىبارىلەر مەۋجۇت). بۇ ئاساسلىق ئىدىيەنى چۆرىدىگەن ھالدا، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي جەھەتتىن ئاڭ يېتىلدۈرۈشى ۋە تەشكىللىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەش قىلىپ، بوسنىيە

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشىدىمۇ ئىلمىي ۋە سىياسىي كىملىكىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھەرىكەت قىلغان. ئۇ شارائىت قىستىغانلىقى ئۈچۈن بوسنا جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىمىگەن، بەلكى بوسنا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش مەقسىتىدە ئاڭلىق ھالدا كۈرەش قىلغان. ئەلۋەتتە، مۇتەپەككۇر كىملىكىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك سالاھىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى شەكسىزدۇر. بىراق جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ماقامىنى ئۈستىگە ئېلىشىدا رول ئوينىغان ئەسلى ئامىل ئىنقىلابچى كىملىكى بىلەن جەمئىيەت ۋە خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشىدۇر. دەرۋەقە، قىممەتلىك كۆز قاراش ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇنلىغان ئەھلى ئىلىملەر بار بولسىمۇ، بىراق ئۇلار جەمئىيەتلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ھېچقانداق رول ئوينىمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ئىدىيەسىنى «ھەرىكەت ۋە ئىنقىلاب» ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت سۈپىتىدە كۆرمەسلىكىدۇر. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۆز جەمئىيىتى ۋە خەلقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە مەنپەئىتى دائىرىسىدە ئەمەس، دائىرە سىرتىدا تۇرۇپ گەپلا قىلىدىغان زىيالىلار بولۇپ، جەمئىيەتلەرمۇ ئومۇمەن بۇ كىشىلەرگە سىياسىي رول بەرمەيدۇ. ئىززەتبېگوۋىچ بولسا «پىكىر ۋە ئىدىيە»نى «ھەرىكەت» ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت سۈپىتىدە كۆرىدىغان، ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان زاتتۇر. ئۇ مەيلى ئىسلام خىتابنامىسىدە بولسۇن، مەيلى بوسنا ئۇرۇشى جەريانىدا بولسۇن يېڭىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ نۇسرەت قازىنىشىنىڭ ئىككى ئاساسلىق ئامىلغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تەكىتلىگەن بولۇپ، بىرىنچىسى «مائارىپ»، ئىككىنچىسى «تەشكىلىي ھالدا ئىشلەش ۋە پائالىيەت قىلىش»تۇر. مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئۇنىڭچە بولغاندا نادانلاشقانسېرى قالاقلاشقان ۋە ئاقىۋەت زور تالاپەتكە يولۇققان. ئويغىنىش ھەرىكىتىنى نۇسرەتكە ئېرىشتۈرۈشتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش تەشكىللىك ھالدا ئىشلەش ۋە پائالىيەت قىلىشتۇر. بىراق بۇ «خەلق بىلەن بىرلىكتە» بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ قارىشىچە، خەلقتىن ئايرىلغان ھەرىكەتلەر ھەرگىزمۇ غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە كېيىنچە خەلققە ھۆكۈمران بولىۋالىدىغان مۇستەبىت كۈچلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. گەرچە ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتى تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە كۆزقاراش ۋە ئىدىيەلەرنى رىئاللىققا ئايلاندۇرالمىغان بولسىمۇ، بۇ پىكىرلىرىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىگەن (مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتى تارقىلىپ كېتىپ ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلام خىتابنامىسىدىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئىبارىلەر بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر). دەرۋەقە، بوسنا ئۇرۇشى ئەسناسىدا ئاخىرى بۇ قاراشلىرىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن داھىيغا ئايلىنىپ بوسنىلىقلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا شەرەپلىك ھالدا كۈرەش قىلغان (ئىززەتبېگوۋىچنى بۇ تەرىپىگە ئاساسەن، ئۇنى ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئىدىيەسى ئىچىدە خۇمەينى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان سىياسىي رەھبەر سۈپىتىدە كۆرۈش كېرەك. خۇمەينىمۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ شەخستە كونكرېتلاشقان ‹غوللۇق

ئەزالار» مودېلىدىن بەكرەك «ئۆزگىرىش»نىڭ خەلق بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئىران ئىسلام ئىنقىلابى ئەسناسىدا بۇ پىكرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن). بوسنا ئۇرۇشىدا بوسنا خەلقىگە دانا رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن كۈرەش ھاياتىدا ئىككى قېتىم تۈرمىگە تاشلىنىشىمۇ ئۇنىڭ ھەققىي مەنىدىكى ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىنقىلابچى كىملىكىدىن باشقا مۇتەپەككۇر كىملىكى سەۋەبىدىنمۇ ئىززەتبېگوۋىچنى «بىلىم شاھى» سۈپىتىدە تەرىپلەشكە كەلسەك، بۇنى ئىككى جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىرىنچى بۇ تەبىر ئەپلاتۇننىڭ «پەيلاسوپلار شاھى» دېگەن ئۇقۇمىدىن ئىلھام ئېلىنغان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن «مەسىلە» بار. ئەپلاتۇنچە بولغاندا ، پەيلاسوپ يا پادىشاھ بولۇشى كېرەك ياكى پادىشاھلار پەيلاسوپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدىئالىست دۇنيادا جەمئىيەت ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىلىدىغان بولۇپ، يېزائىگىلىك ۋە ھۈنەر - سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ئەسكەرلەر ۋە ئىدارە قىلغۇچىلاردىن ئىبارەت. ئەسكەرلەر بىلەن ئىدارە قىلغۇچىلار باللىقىدىن باشلاپ ھەم جىسمانىي ھەمدە زېھنى جەھەتتىن تەربىيەلىنىدۇ. تېخىمۇ ئەقىللىق باللار چوڭ بولغاندا رەھبەرلىك ئۈچۈن ئاجرىتىلىدۇ، قالغانلار بولسا ئەسكەر بولىدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە ھەققانىيەتكە ئىنتىلگۈچى رەھبەرلەر مال - مۈلۈك ئىگىسى بولالمايدۇ. ئائىلىلىرى يوق ۋە تۇرمۇش قۇرمايدۇ. ئەڭ مۇنەۋۋەر بىر ئەۋلاد كىشىلىرى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك باللارنى تۇغالايدىغان ئاياللار بىلەن جۈپلىشىدۇ. مېيىپ تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلىدۇ، قالغانلار بولسا ئەسكەر ياكى رەھبەرلىك ئۈچۈن تەلىم - تەربىيەگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. بۇ يەردە جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ دائىم كۈچلۈكلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئىچىدىن «پەيلاسوپ شاھى» چىقىدىغان بۇ جەمئىيەتنىڭ ھېچ بولمىغاندا ئائىلىۋى ئاساسىي ساغلام ۋە پۇختا ئەمەس. شۇڭا مۇشۇ سەۋەبىنىڭ ئۆزىلا بۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ نەتىجىسى بولغان «پەيلاسوپ شاھى» تەبىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىككە يېتىدۇ. ئىككىنچىسى، بۇ ئۇقۇم ئۇتوپىيەلىك بولۇپ، ھەققىي ھاياتتا ئۇنىڭغا ئۇدۇل كېلىدىغان مەنىسى يوق. بىر رەھبەردىن تەلەپ قىلىنغان بىرىنچى ئالاھىدىلىك «باشقۇرۇش قابىلىيىتى»دۇر. پەيلاسوپلۇق يېگانە شەرت ئەمەس. تارىختىن بۇيان رەھبەرلەر ئاساسەن پەيلاسوپلاردىن چىقىپ باقمىغان. ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەنگەن قابىل رەھبەرلەر چىققان. بىراق بۇ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنىڭمۇ «ياخشى» بولۇشى دېگەن نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان. دەرۋەقە، ئەپلاتون غايىۋى دۆلەت ئۇتوپىيەسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن زور كۈچ چىقىرىپ باققان بولسىمۇ، بىراق مەغلۇپ بولغان. ئىززەتبېگوۋىچقا كەلسەك، ئۇ رەھبەرلىك قابىلىيىتى بولغان ئىلىملىك زاتتۇر. ئۇنىڭ ئىلمى توغرا قارار چىقىرىشىغا زور پايدىسى تەگكەن، بىراق ھەممىدىن مۇھىمى ئۇستۇن رەھبەرلىك قابىلىيىتى تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، شۇڭا ئۇنى «ئىلىم شاھى» دېگەننىڭ

ئورنىغا، قۇرئان تەبىرى بويىچە «ھېكمەتلىك» بىر رەھبەر دەپ تەرىپلەش تېخىمۇ مۇۋاپىق. مەلۇمكى، «ئۆزىگە ھېكمەت ئاتا قىلىنغان كىشى»گە ناھايىتى چوڭ خەير بېرىلگەن. دەرۋەقە، ئۇ سەۋەب ۋە نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىمۇ كۆپ ھاللاردا «ئۇتۇق» بىلەن ئاخىرلىشاتتى. ئىززەتبېگوۋىچ بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا خەلقىگە رەھبەرلىك قىلغان مەزگىللەردە ھەقىقەتەن دانا رەھبەرلىك قىلغان. مەسىلەن، ئۇرۇشتا بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنالىقلارنى رەھىمسىزلەرچە قەتلى قىلغان سېرب ۋە كىرودلاردىن ھەسسىلەپ ئىنتىقام ئېلىش تەكلىپىنى بەرگۈچىلەرگە «بىز ئۇرۇشتا ھەقلىق تەرەپ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن غەلىبە قىلىمىز» دېگەن تەرىقىدە جاۋاب بېرىشى ۋە بۇ جەھەتتىكى سوغۇققانلىقىنى ئىزچىل ساقلاپ قېلىشى ئۇنىڭ «ھېكمەتلىك» سىياسىي كىشىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇنىڭ بۇ «ئىستىراتېگىيەلىك» يولى بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنانىڭ ئۇرۇشتا «ھەقىقىي غەلىبە قىلغۇچى» بولۇشىدا مۇھىم رولى بار. ئوخشاشلا «ھېكمەت» كىشىنى يىراقنى مۆلچەرلىيەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. دەرۋەقە، ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ ئىككىنچى قېتىم زىندانغا چۈشكەندە يۇگوسلاۋىيەنىڭ يىمىرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، بۇ ھەقتىكى قارىشىنى زىنداندىكى سەپداشلىرى بىلەن ئورتاقلىشىپ، يۇگوسلاۋىيە يىمىرىلىپ كېتىشتىن ئىلگىرى تەدبىر ئېلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. بىراق زىنداندىكى سەپداشلىرى ئۇنىڭ بۇ قارىشىنىڭ تولىمۇ «كۆلكىلىك» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ قارىشى توغرا بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ زىنداندىكى ۋاقتىدىلا خەلقئارا ۋە يۇگوسلاۋىيەنىڭ ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈرگۈزۈلگەن پېرېستروئىكا ۋە گىلاسنوست سىياسەتلىرىنىڭ چوقۇم نەتىجىسى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن تەخمىن قىلىپ، ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئانالىز ئېلىپ بارغان. ئىززەتبېگوۋىچنىڭ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى خەلقنى تەشكىللەپ قوراللاندۇرۇشىنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇنىڭ دانا ۋە «ھېكمەتلىك» رەھبەرلىكىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئۇ سېرىپلارنىڭ مىللەتچى ھېسسىياتلىرىنىڭ يامان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن پەملەپ بولغان. سىياسىي ئانالىزچىلارمۇ قوبۇل قىلغىنىدەك، ئۇنىڭ بۇرۇنلا ئالغان بۇ تەدبىرلىرى تۈرتكىسىدە، بوسنىيە سېرىپلارنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى تۇرالىغان. ھېكمەت بىلەن ئاقىۋەت كىشىنى تولىمۇ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىدىغان قىلىۋېتىدۇ. ئۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بوسنىيەنىڭ مەنپەئەتىگە زىت بولىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئىستىراتېگىيەسىنى بۇنىڭغا ئاساسەن بېكىتكەن. ئىززەتبېگوۋىچ ناھايىتى قىيىن ئۆتكەن قارشىلىق كۆرسىتىش يىللىرىدا داۋاملىق «تىنچلىق»نى ياقلايدىغان سىياسەت يولغا قويغان. بىراق ئۇنىڭ بۇ سىياسىتى بەزىلەرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان. ھالبۇكى، بۇ جەھەتتە رېئاللىققا ماس ھالدا ئىش تۇتقانىدى. دەرۋەقە، ئۇرۇشنىڭ داۋامى

ئۈچۈن زورۇر بولغان قورال كۈچى جەھەتتىن سىرپىلار بىلەن ھەرۋاتلار ئۈستۈنلۈكتە بولۇپ، بۇ ئەھۋالدا «نورمال»ئۇرۇشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ (يېقىنقى مەزگىلدە ساددام ۋە قەززافىيغا ئوخشاش) «تەلۋە»رەھبەر ئەمەس ئىدى. بەلكى ھۆمەينىگە ئوخشاش «رېئالىست» لىدەر ئىدى. ھۆمەينىمۇ ئىران ناھايىتى ئېغىر تەھدىت ۋە خەتەرگە دۇچ كەلگەن ھالقىلىق پەيتتە، «زەھەر ئىچىشتىنمۇ بەتتەر» دەپ تەرىپلەنگەن ئوق چىقىرىشنى توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويغانىدى. بۇ پوزىتسىيە «مەسئۇلىيەتچان رەھبەر»نىڭ پوزىتسىيەسى بولۇپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى بولۇشقا مۇشۇنداق لىدەرلەر مۇناسىپتۇر. ئىززەتبېگوۋىچمۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە يۇقىرى مەسئۇلىيەت ئېڭى بىلەن ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن كېيىن خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزىدېنتلىقىغا سايلىنىپ ۋەزىپىسىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇندىغان.

## ئىسلام خىتابنامىسى ۋە ئىسلاھ ھەرىكىتىنىڭ ھازىرقى زامان ۋەكىلى

سىياسىي لىدەرلىكىدىن سىرت مۇتەپەككۇر سالاھىيىتىمۇ بولغان ئەلى ئىززەتبېگوۋىچنى، ئىدىيە قۇرۇلمىسى جەھەتتىن «ئىسلاھ» ۋە «يېڭىلىق» ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ۋەكىلى سۈپىتىدە كۆرۈش مۇمكىن. ئۇ ياشلىق مەزگىلىدىن باشلاپلا يۇقىرى ئىسلامىي ئاڭغا ئىگە زات بولۇپ، ئىسلامنى «ھايات مىزانى» دەپ قارايتتى. 16 ياش ۋاقتىدا مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى مۇسۇلمان يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئىسلامىي ئاڭغا ئىگە بولغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش مەقسىتىدە، تەشكىلاتنىڭ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. 1970 - يىلى نەشىر قىلدۇرغان ئىسلام خىتابنامىسى ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان قاراش ۋە ئىدىيەلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ «يېڭىلىق ۋە ئىسلاھ»نى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىسلامىي يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دۇنياسى ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىنىشى كېرەك بولۇپ، بۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن تەشكىللىك بىر قۇرۇلما ئىچىدە ئاكتىپ كۈرەش قىلىش لازىم. ئۇ «شەخسىي، ئائىلىۋى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئىسلام ئىدىيەسىنىڭ قايتىدىن يېڭىلىنىشى ۋە ھىندىنوزىيەدىن ماراكەشكىچە بولغان ئىسلام دىيارلىرىدا ئىسلام بىرلىكى قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈرەشلەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ دائىرىدە ئافغانىي ۋە ئابدۇھقا ئوخشاش پات - پات قۇرئاندىكى رەئد سۈرىسى 11 - ئايەتنى مىسال كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان قەۋملەر ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە زىللەت ۋە خارلىقتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى «ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كېتىشى» ئىدى. تارىختا قانداق بىردەۋردە بولمىسۇن، مۇسۇلمانلار بىرەر تالاپەتكە ئۇچرىسا، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولغان. تۇنجى مىسال ئۇھۇد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشى، كېيىنكى مىسال بولسا (كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى جەھەتتىن) سىنا يېرىم ئارىلىدا ئىسرائىلىيەگە قارشى كۈرەشلەردە دۇچ كەلگەن مەغلۇبىيەتتۇر. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار بۇرۇنقى شانلىق دەۋرى ۋە قۇدرىتىگە قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن «ئويغىنىشى» يەنى قايتىدىن ئەسلىدىكى مەنبە (قۇرئان كەرىم)گە قايتىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە مائارىپ ۋە تەلىم - تەربىيەدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتۇر. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا خەلق نامرات، ئەسىر، ھەممىدىن مۇھىمى نادانىدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە «كۈنىمىزدىكى ئىسلام دۇنياسىدا سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ئەڭ رادىكال ۋە ئەڭ جىددىي ئۆزگىرىش تەلەپ قىلغان ئورۇن مائارىپ يۇرتلىرىدۇر.» بۇ جەھەتتە خەلقنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىززەتبېگوۋىچ، ئەنئەنىۋى دىنىي قاتلاملارنىڭ خەلقنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتىن ئاجىز قالغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمان خەلقلەر ئىسلامغا زىت ھەر قانداق بىر نەرسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا تەرجىمان بولالمايدىغان ئەنئەنىۋى قاتلاملارنىڭمۇ، مودېرنىزمنى (زامانىۋىلىقنى) تەرغىپ قىلىدىغان قاتلاملارنىڭمۇ مۇسۇلمان خەلقلەرگە لىدەرلىك قىلىش سالاھىيىتى ۋە قۇربى يوق. بىردىنبىر چارە ئىسلامنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان يېڭى بىلىم ساھەسى ۋە قاتلىمىنى بەرپا قىلىشتۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ئىززەتبېگوۋىچنىڭ قارىشىچە، ئىسلام تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھاكىمىيەتنى خالايدۇ. ئىسلامىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشمۇ ھەر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر. «مەھدى»ئېتىقادى باتىللىقتۇر. ئۇ «بىزنىڭ ھورۇنلۇقىمىزنىڭ ئىسمى ياكى قېينىچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىڭ ئېغىرلىقى ۋاستىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوڭ بولغاندا، ئاجىزلىقىمىزدىن تۆرەلگەن يات ۋە غەلىتە پوزىتسىيەدۇر.» مۇسۇلمانلارنى نىجادلىققا ئېرىشتۈرىدىغىنى ئۆزىدىن باشقىسى ئەمەس. «غەپلەت ئۇيقۇسىدىكى مىللەت پەقەت زەربىلەر بىلەن ئويغىنىدۇ.» بۇ سەۋەبتىن تەشكىللىك ۋە ئاكتىپ بىر كۈچنىڭ بولۇشى شەرت. ئىززەتبېگوۋىچ بۇ ئىشتا ئاڭلىق يوسۇندىكى لىدەرلىكنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، «ئالاھىدە بولۇۋېلىش»نىڭ غەلىبە ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، يېڭى ئىلمىلىك نەسىل «خەلق بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىشى كېرەك»، شۇنداقلا كۈرەشتە چوقۇم پىرىنسىپ بويىچە ئىش تۇتۇش لازىم. دەرۋەقە، «نىشان ۋاستىنى مۇباھ قىلمايدۇ» مۇسۇلمان ھەقلىق نىشان ۋە غايىلىرىگە توغرا ۋە ھەقلىق يوللار بىلەن يېتىش كېرەك، «ئۆزگىرىش» تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ بولۇشى، يەنى تۆۋەن قاتلامدىن يۇقىرى قاتلامغا قاراپ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. بۇ سەۋەبتىن «زوراۋان ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچى» ھاكىمىيەت قانۇنلۇق ۋە ھەقلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ «بىر زۇلۇمنى يەنە بىر زۇلۇمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس»، مۇھىم بولغىنى «ئىچكى ئىنقىلاب»نى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتۇر، ئىچكى ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھاتنى تاماملاپ بولغان ئىنسان توپلۇقلىرى «تاشقى ئۆزگىرىش»نى تېزلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان سەۋىيەگە كېلىدۇ. لېكىن بۇ جەھەتتە نە كېچىپ

قالماسلىق كېرەك نە بالدۇر ھەرىكەت قىلماسلىق كېرەك. ھەر ئىككىلىسى ھەرىكەتكە ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە شارائىتتا ھەرىكەت قىلىشتا لىدەرلىكنىڭ پاراستى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مۇسۇلمانلار نۆۋەتتە ناھايىتى ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بىراق ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ قىلچە ئورنى يوق. دەرۋەقە، «تارىخ نوقۇل سىجىل ئۆزگىرىشنىلا ئەمەس، ئىمكانسىزلىق ۋە كۈتۈلمىگەن ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ روياپقا چىقىش ھېكايىسىدىن ئىبارەت.»

ئىززەتبېگوۋىچ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ مەسىلىلىرى ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇراتتى. دەرۋەقە، ئۇ ئەينى دەۋردە «تۇنجى ئىسلام دۆلىتى» بولۇپ قۇرۇلغان پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى «ئۈمىد مەشئىلى» سۈپىتىدە كۆرۈپ خوشال بولغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، پاكىستان «ئىسلامىي تۈزۈمنى قۇرۇش ئارزۇسىنىڭ مېۋىسى» بولۇپ، بۇ جەھەتتىن مۇھىم تەجرىبە ھېسابلىناتتى. دۇرۇست، پاكىستان مۇسۇلمانلارغا ئۈمىد بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىقبالنىڭ ئىدىيەسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان غوللۇق ئەزالار «كىچىك» ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا، ئاساسلىق ئىسلامىي قائىدە - پرىنسىپلار جەھەتتە رەھبەرلىك قاتلىمى شەكىللىۋاز ۋە دوگماتىك ئىدى. مائارىپ مەسىلىسىگە مەركەزلىشىش، ئادالەتسىزلىك ۋە نامراتلىققا قارشى بىجانىدىل كۈرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا، جازا ۋە نىكاھقا ئوخشاش ئىككىلەمچى مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتتۇرۇشقان. يەنى مېغىزى ۋە جەۋھەرنىڭ ئورنىغا پوستىنى ئۈستىدە بەند بولۇشقان. بۇ تۇنجى تەجرىبىدىن ئېلىش زۆرۈر بولغان ساۋاق ئىككىلىكنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىززەتبېگوۋىچ پەلەستىن مەسىلىسىگىمۇ تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، سىيونىستلار مۇتەكەببىر پوزىتسىيەلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ئەھۋالدا «ھەر بىر غېرىچ يەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغۇچە» مۇسۇلمانلارنىڭ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەتتا، ئۇ پەلەستىنلىكلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى خەتەرگە ئىتتىرىدىغان ھەر قانداق بىر ئېلىم - بېرىم ياكى كېلىشىمنى «خائىنلىق» دەپ تەرىپلەيدۇ (بۇ جەھەتتە ئۇسلۇبى ھاماستەكلا قەتئىيدۇر). ئىززەتبېگوۋىچنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ ئەڭ قىزىق ئۇقۇملىرىدىن بولغان ۋە كۈنتەرتىپتىن چۈشمەي كېلىۋاتقان مىللەتچىلىك ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ ئومۇمەن «ئىسلامىي»پوزىتسىيەگە ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، مىللەتچىلىك «ئېكسپورت قىلىنغان» ئۇقۇم بولۇپ، ئىسلامىي ئەمەس. غەرب دۇنياسىدا مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك رايوندىكى ئېتنىك توپلۇقلارنى بىرلەشتۈرىدىغان فونكسىيە بولغان، بىراق مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا زىت بىر نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، «بۆلگۈنچىلىك» رولى ئوينىغان. مۇسۇلمانلار مىللەتچىلىكنىڭ كەينىدىن قوغلىشىشنىڭ ئورنىغا «مۇسۇلمان قېرىنداشتۇر» دېگەن ئايەت بويىچە ئىش تۇتۇشى كېرەك. دەرۋەقە «مەنىۋى بىرلىك پرىنسىپى ئىرق پرىنسىپىدىن ئۈستۈندۇر.» ئىززەتبېگوۋىچ مىللەتچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا «پانئىسلام»نى تەكلىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنى خام خىيال دەپ قارىماسلىق كېرەكلىكىنى ۋە «ئورتاق پاكىت» بەرپا قىلىش مايىللىقىنىڭ دۇنيادا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئويلايدىغان ئىززەبېگوۋىچنىڭ قارىشىچە، «ئورتاق ۋە تەشكىللىك ھالدىكى تىرىشچانلىق بىلەن» مۇسۇلمان ئىتتىپاقى بەرپا بولۇشى مۇمكىن. مۇسۇلمان دۇنياسىنى «ئاغدۇرۇلۇشنى كۈتۈۋاتقان قۇرۇق ئىتىز» سۈپىتىدە كۆرىدىغان ئىززەتبېگوۋىچ، ئورتاق ۋە تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ئارقىلىق «ئۇزۇن ۋە چوڭقۇر ئۇيقۇدىن كېيىن» مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئويغىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

## شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا ئىسلام ۋە دۇنياۋى دۇئالىزىملىق[1] مەسىلىسى

ئىززەتبېگوۋىچنىڭ پەلسەپىۋى چۈشەنچىسىنى ناھايىتى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەسىرى شەكسىزكى، «شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا ئىسلام» بولۇپ، ئۇ مەزكۇر ئەسىرىدە «دۇنياۋى دۇئالىزىم»لىق مەسىلىسىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مەزكۇر كىتاب ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئىدىيەسىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. دەرۋەقە، ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئىدىيەسىنىڭ سىمۋوللۇق شەخسلىرىدىن ھېچ قايسىسى، پەلسەپىۋى چۈشەنچىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىدىن بىرى بولغان بۇ تېمىدا مەخسۇس ئەسەر يازمىغان. ئىززەتبېگوۋىچ غەرب دۇنياسىغا تەۋە بولغان بوسنىيەدە ئوقۇغان ۋە غەرب ئىدىيەسىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ مۇھىم مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن كۈچەيدۇ، نەتىجىدە تولىمۇ ئەتراپلىق ۋە مۇۋاپىق خۇلاسىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىدۇ. ئۇ مەزكۇر كىتابتا مۇنۇ ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: «ھەقىقەت دۇئالىزىمنىڭ ھەر ئىككىلى تەرىپىدە ئەمەس، بەلكى ئەسلى تەۋە بولغان يەردە.» ئىززەبېگوۋىچ كىتابىدا ھەقىقەتنى پارچىلاپ چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدىغان يەككە نۇقتىئىينەزەرلەرنىڭ تولىمۇ خاتالىقىنى تەكىتلەپ، ئەتراپلىق ۋە «بىرىكمە» نۇقتىئىينەزەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ (ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى ئىقبالنىڭ ئىدىيەسىگە تولىمۇ ئوخشايدۇ). ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقىقەتنى ئەقىل - قەلب، ماددا-ئاڭ (مەنە)، كۇلتۇر - تارىخ، دىراما - ئۇتوپىيە، كۇلتۇر - مەدەنىيەتكە ئوخشاش ئايرىپ مۇئامىلە قىلىدىغان «دۇئالىست» نۇقتىئىينەزەرلەر، ئەمەلىيەتتە «ئاشقۇنلۇق»تىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ھەقىقەت دۇئالىزىمنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىلا بولماستىن، باشقا بىر يەردە. مەسىلەن، ھەقىقەت نە نوقۇل «بىلىم» ئەمەس، نە نوقۇل «دىن» ئەمەس (بۇ يەردە بىلىم ۋە دىن تەبىرلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. ئىززەتبېگوۋىچ كىتابىدا ‹دىن›نى غەربتىكى ئومۇملاشقان مەنىسى بويىچە ‹religion› سۈپىتىدە ئالىدۇ ۋە تەنقىدىنى مۇشۇ ئۇقۇمنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بارىدۇ.) ھەقىقەت بەلكىم بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا (ياكى سىرتىدا) بىر يەردە بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ نۇقتىدا

(1) دۇئالىزىم پەلسەپە ۋە دىن قاتارلىق پەنلەردە ھەر خىل ئىدىيە ۋە ئەقىدىلەر ئۈستىدە توختىلىش ۋە بۇلارنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىدىيە ياكى ئەقىدىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىككى ئاساسلىق ماددا (ئادەتتە زىت) بىر-بىرىگە زىتتۇر. بۇ ئىككى ئاساسلىق ماددا بولۇپمۇ زىت كۈچلەر ياكى مەۋجۇداتلار بولۇشى مۇمكىن.

«ئوتتۇراھال» بىر نۇقتىئىينەزەرنى ياقىلاش توغرا ئەمەس. دەرۋەقە، ئۇنىڭ قارىشىچە، «بىر ئاز بۇنىڭدىن، بىر ئاز ئۇنىڭدىن» دېگەن ئىدىيە چارە تېپىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. توغرىسى، مەسىلەن، بىلىمنىڭ فونكسىيەسىنى قەيەردە باشلايدىغانلىقىنى، دىنىنىڭ فونكسىيەسىنىڭ قەيەردە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلىشتۇر. دەرۋەقە، بىلىم ئەقىلنى ئىشلىتىش ئارقىلىق «قانداق» دېگەنگە ئېرىشىشتىكى ۋاسىتىدۇر. «نېمە ئۈچۈن» دېگەنگە بولسا بىلىم بىلەن يەتكىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە «دىن»نىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى تولىمۇ زۆرۈر. ئوخشاشلا، «ئەقىل» مەدەنىيەتنى بەرپا قىلالايدۇ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ «ماددىي» ئېھتىياجلىرىنى قامداش جەھەتتە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلىدۇ. بىراق، ئىنسان نوقۇل «ئەقىل»ئىگىسى مەخلۇق بولماستىن، ئۇنىڭ يەنە «قەلبى» بار. قەلبكە سەل قارايدىغان ئەقلىيەتچىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرى بىلەن زىتلاشقان بولىدۇ. دەرۋەقە، نوقۇل ئەقىل بىلەنلا ھەرىكەت قىلىنغىنىدا، «پىداكارلىق»ئۇقۇمىنى ئىزاھلاش قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق ھەرىكەت قىلغان بىر ئىنسانغا نىسبەتەن پىداكارلىق قىلىش «تولىمۇ بىمەنىلىك» ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، تارىختا ئىنسان قانچىلىك پىداكارلىق كۆرسەتكەن بولسا، شۇنچىلىك ئىنسان بولالىغان. شۇڭلاشقا، ئەخلاق ئەمەلىيەتتە «دىنىي» ۋە «ئىنسانىي»نەرسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن، نوقۇل ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ھەرىكەت قىلغان «مەدەنىيەت»نىڭ ھەقىقىي ئەخلاقتىن يىراقلىشىپ كېتىشى تاسادىپىي ئەمەس.

ئىززەتبېگوۋىچ كىتابىدا غەرب ئىدىيەسىنىڭ (گۇمانىزم، ئىدېئالىزم، رېئالىزم، ماتېرىيالىزم، سوتسىيالىزم، لىبېرالىزم) قاتارلىق مۇھىم ئىدىيە ۋە ئۇقۇملىرىنى دۇئالىزم نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلغان ۋە دىن، شەخس ۋە گۇمانىزم تىلغا ئېلىنغاندا (بولۇپمۇ ماتېرىيالىزم ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى بولۇش جەھەتتىن) بۇلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش تەس بولمىسا كېرەك. ئۇ سوتسىيالىست دۆلەت بولغان يۇگوسلاۋىيەدە ياشىغان بولۇپ، مۇسۇلمان بىر بوسنىيەلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن ماتېرىيالىست ۋە سوتسىيالىست سىياسەتلەرنىڭ ئېغىر زىيىنىغا ئۇچرىغان. كىتابىدا سوتسىيالىزمنىڭ رادىكاللىقلىرىنى رەت قىلىشتا ئىززەتبېگوۋىچ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلار تولىمۇ ئەتراپلىق ۋە مۇۋاپىق بولغان. بۇ يەكۈنلەر خىتاي، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قاراپ چىقىرىلغان. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇلار ھەقىقەتنىڭ «قەيەردە» ئىكەنلىكىگە دائىر سوئالغا كونكرېت جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، كىتابتا دۆلەت ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ساھەلەرنىڭ ئۆلۈشلىرىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى مەسىلىسىدە لىبېرال ۋە سوتسىيالىست نەزەرىيەلەر بەرگەنىدەك كونكرېت جاۋابنى ئۇچرىتالمايمىز. مەلۇمكى، لىبېرالىزمغا ئاساسلانغاندا، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ساھەدىكى نىسبىتى 25%، خۇسۇسىي ساھەنىڭ نىسبىتى 75% ئەتراپىدا بولىدۇ. سوتسىيالىزمدا بولسا، تەقسىماتتا خۇسۇسىي ساھەگە ئورۇن يوق. ساھەنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە تەۋە بولىدۇ. ئىززەتبېگوۋىچنىڭ

www.uyghurkitap.com



«بىرلىك» نۇقتىئىنەزىرىدە بولسا دۇئالىزمنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنىڭ تەقسىمات ۋە ئۆلۈش مەسىلىسىدە (پەقەت بۇ جەھەتتىلا ئەمەس باشقا دۇئالىزملىق مەسىلىلەردىمۇ)كونكرېت جاۋابلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ تەكىتلەيدىغىنى «ھەددىن زىيادە ئاشۇرۇۋېتىش» بىلەن «ھەددىن زىيادە بوشاڭلىق»لىقتىن ساقلىنىشتۇر. بىراق يەنىلا ئىززەتبېگوۋىچنىڭ «دۇنياۋى دۇئالىزم» مەسىلىسىنى يورۇتۇپ بېرىش ئىرىشچانلىقىنىڭ ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلار ئىدىيەسىدە ئالاھىدە ئورنى بارلىقىدا شەك يوق. دەرۋەقە، ئۇ بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەچكە، ھەل قىلىش چارىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ چارە ئۇنىڭ تەبىرى بويىچە دەل ئىسلام يولىدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆز ئالدىغا نە غەرب نە شەرق ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلىرىگە چارە تاپالمايدۇ. چارەنى «بىرلىك» نۇقتىئىنەزەرنى تەكىتلەيدىغان ئىسلامدىن تاپقىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئىززەتبېگوۋىچنىڭ بۇ ئالاھىدە مەسىلە دائىرىسىدە ئىسلامنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇشىنى «ھېكمەتلىك» دەۋەت ئۇسۇلىنىڭ تەقەززاسى، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. دەرۋەقە، «ھېكمەت»نى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان دەۋەتتە، «ئوبيېكت»نىڭ (خىتاپ قىلىنغۇچى) ئەھۋالى تولىمۇ مۇھىم. دەۋەت قارشى تەرەپ يەنى ئوبيېكت چۈشىنەلەيدىغان تەرىقىدە بولۇشى كېرەك، ئەكسىچە ئويلىغان نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئىززەتبېگوۋىچ غەرب دۇنياسىدا ياشىغانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچان مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن، غەرب جەمئىيىتىنىڭ كۇنتەرتىپىنى تەشكىل قىلىدىغان مەسىلىلەر دائىرىسىدە ئىسلامنى دەۋەت قىلىش ياكى چۈشەندۈرۈشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ قارىغان. ئۇنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا ئىسلام ناملىق كىتابىنى يېزىشتىكى مەقسىتى، ئىسلامنى دەۋرنىڭ ئىدراكىغا تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت.

## بوسنىيە ئۇرۇشىدىن ئېلىنىدىغان ساۋاقلار ۋە ئىززەتبېگوۋىچنىڭ رولى

بوسنىيە ئۇرۇشىدىن ئېلىنىدىغان ساۋاقلار ئارىسىدا ئەڭ مۇھىمى شەكسىزكى ھەقىقىي غەلىبىگە قانداق ئېرىشىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدۇر. تارىختا نۇرغۇن قېتىم كۆرۈلگىنىدەك، مۇسۇلمانلار ناھايىتى قىيىن ۋە ناچار شارائىتلاردىمۇ دۈشمەنلەرگە قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، زور غەلىبىگە ئېرىشكەن. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ بىلىنىپ كەلگەن مۇھىم ئالاھىدىكلىرىدىن بىرىدۇر. بوسنىيە ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار قورال - ياراغ ۋە ئەسكەر سانى جەھەتتىن قارشى تەرەپكە نىسبەتەن تولىمۇ ئاجىز ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوسنىيەگە يۈرگۈزۈلگەن ئېمبارگولار بوسنىيەنىڭ پۈت - قولىنى چۈشەپ قويغان بولسا، بۇرۇنلا قوراللىنىپ بولغان سېرپىلارنى زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلدۇرۇپ قويغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا (ئۇرۇش باشلانماي تۇرۇپلا سېرپلارنىڭ پىلانى بويىچە)بوسنىيە بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدىلا ئىشغال قىلىنىسا بولاتتى. بىراق ئەھۋال ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. بۇ ئۇرۇشتا ئىززەتبېگوۋىچنىڭ دانا رەھبەرلىكى

بىلەن بوشناقلارنىڭ قەھرىمانلارچە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى زور رول ئوينىدى. بىراق بوسنىيە ئۇرۇشى مۇنداق بىر ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ھەقىقىي غەلىبىگە «پىرىنسىپلار»غا سادىق بولۇش بىلەن ئېرىشكىلى بولۇش ئىدى. ئىززەتبېگوۋىچ بۇ نۇقتىنى ئۇرۇش دەۋردە، يىغىنلاردا، بوشناق ئەسكەرلىرىگە قىلغان خىتابىدا، تېلېۋىزىيە نۇتۇقلىرىدا داۋاملىق تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ پىرىنسىپقا سادىق بولۇشنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشىشتە تۈرتكىلىك رول ئويناىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. دەرۋەقە، ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە ئاخىرلاشتى. بوشناقلار ئۇرۇش ئەسناسىدا سىرپلار ۋە كىرودلارنىڭ قىلغان زۇلۇملىرىغا قارشى ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇرۇش پۇرسىتى بولسىمۇ ئۇنداق قىلمىغان، دۈشمەنلىرىگە ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلىشتىن ئامال بار ساقلانغان، نەتىجىدە ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي غالىبى بولالىغان. سىرپلار تىنچلىق كېلىشىملىرى ئىمزالانغاندىن كېيىن پۈتكۈل ئورنى ۋە نوپۇزىدىن ئايرىلىپ قالغان، كەينىدىنلا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ناتونىڭ ھاۋادىن ئېلىپ بارغان ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە ھەم مىلوسوۋىچ ھاكىمىيىتى ھەمدە كارادجىچ گۇرۇھى تازىلانغان. يەنى ئۇرۇشتا «مەزلۇملار» غەلىبىگە ئېرىشكەن (ئوخشاش ئەھۋال ئىران - ئىراق ئۇرۇشىدىمۇ يۈز بەرگەن بولۇپ، ئىراق پۈتكۈل غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ يولسىزلارچە ئىرانغا ھۇجۇم قىلغانىدى. بىراق ‹مەزلۇم› ئىران خەلقى ئۆزىنى قوغدىغان، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە رايوندىكى نوپۇزى ۋە تەسىر دائىرىسى كۈچەيتىلگەن. سادام بولسا بىر زامانلاردا ئۆزىنى قوللىغان كۈچلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ دارغا ئېسىۋېتىلدى). دەرۋەقە، ئۇلار كۈچىنى ھەقتىن ئالىدۇ. مەلۇمكى، زۇلۇم بىلەن نەتىجىگە ياكى غەلىبىگە ئېرىشىش ئاساندۇر. بىراق بۇنىڭ قىممىتى يوق. مۇھىم بولغىنى «پىرىنسىپقا سادىق بولۇش» ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشىشتۇر. ئەڭ تەستە ئېرىشىدىغان غەلىبە ئەسلىدە مۇشۇ بولۇش بىلەن بىرگە، ھەقىقىي غەلىبىمۇ دەل مۇشۇدۇر. بوسنىيە خەلقى ئۇرۇش ئەسناسىدا نامايەن قىلغان ئىپادىلىرى بىلەن بۇ پىرىنسىپنىڭ توغرىلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغان بولدى. شۈكىرلاشقا، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۈرەشلىرىنى مۇشۇ نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش كېرەك.

بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇرۇشتىن ئېلىنىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ساۋاق، لىدەرنىڭ تەقۋالىقىنىڭ غەلىبىدە تولىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشىدۇر. مۇسۇلمانلار تارىختا لىدەرلىرىگە ئىشەنگەندە باشقىچە جانلىنىپ قالتىس ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان. مۇسۇلمانلار ئەڭ ئاجىز ۋاقىتلىرىدىمۇ ئېلىپ بارغان ئازادلىق ئۇرۇشلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. بىراق لىدەر قاچانكى تەقۋالىق ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىشتا پاسسىپراق پوزىتسىيە تۇتۇپ قالغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىپادىسىمۇ شۇنچىلىك ئاجىز بولغان. چۈنكى لىدەر تەقۋا بولمىسا، مۇسۇلمان لىدەرگە بولغان ئىتائىتىنى قىسىدۇ. بۇ سەلبىي ئەھۋال بىۋاسىتە نەتىجىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بوسنىيە ئۇرۇشىدا تەقۋا بىر لىدەرنىڭ شارائىتىنىڭ

شۇنچە ناچار بولۇشىغا قارىماي، خەلقى بىلەن بىرلىكتە قانچىلىك ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى مىسال بار. ئىززەتبېگوۋىچ ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان ئىدى. بىرەر ۋەزىپە چىقىپ قالسا تۇنجى بولۇپ ئىپادىسىنى بىلدۈرەتتى. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىسلىتى خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. دەرۋەقە، ئۇ سارايېۋسنا شىددەتلىك ھالدا بومباردىمان قىلىنىۋاتقاندا يېنىغا بىر نەچچە ھەمراھ ئېلىپ شەھەرنى نۇرغۇن قېتىم چارلاشقا چىققان، بۇ ئەھۋال خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان (ئوخشاش ئىشنى ھۆمەينىمۇ فىرانسىيەدە سۈرگۈندە تۇرۇۋاتقاندا قىلغانىدى. قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مېھمانخاندىكى ياتىقىنىڭ پارنى تاقاتقۇزۇۋېتىپ مۇنداق دېگەنىكەن: خەلقىم سوغۇقتا تىترەۋاتسا مەن ئىسسىق ئۆيدە كەيىپ سۈرەلمەيمەن. بۇنى ئاڭلىغان ئىران خەلقىمۇ ئۇنىڭ لىدەرلىكىگە تېخىمۇ ئىشەنگەنىدى). ئىززەتبېگوۋىچنىڭ تەقۋادارلىقى بوسنىيە خەلقىنىڭ ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىدە رول ئوينىغانلىقى شەكسىزدۇر.

بوسنىيە ئۇرۇشىدىن ئېلىنىدىغان يەنە بىر ساۋاق بولسا، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىشىنىڭ ئوبيېكتى مۇسۇلمانلار بولۇپ قالسا «پىرىنسىپ ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىدىن ئاسانلا» ۋاز كېچەلەيدىغانلىقى ئىدى. ئۇرۇشتا ئىمبارگولار بوسنىيەلىكلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان بەرگەن بولۇپ، ئىززەتبېگوۋىچ بۇ تەڭسىزلىكنى داۋاملىق كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، غەربلىكلەر بۇ سىياسەتتىن ۋاز كەچمىگەن. بۇ سەۋەبتىن سېرىپلار ھەربىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىۋالغان. دايتون ئەھدىنامىسى تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى، بوسنىيە خەلقى ھەق - ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە ۋە نۇرغۇن مەسىلىلەردە قارشى تەرەپكە يول قويۇشقا مەجبۇرلىنىپ، ناۋادا ئەھدىنامىنى ئىمزالىمىسا «يېتىم قالدۇرۇلۇش» بىلەن تەھدىت سېلىنىغان. پىرىنسىپسىزلىقنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى سىربىرېنىتزا قەتلىئامىدا كۆرۈلگەن. سىربىرېنىتزا بىخەتەر رايون ئېلان قىلىنىش ۋە بوسنىيە رەھبەرلىرىنىڭ بۇ رايوندا قەتلىئام يۈز بېرىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئالاقىدار تەرەپلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ ئەكسىچە، سېرىپلارنىڭ بۇ جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە قەتلى قىلىنىشىغا كۆز يۇمۇلغان. ئىززەتبېگوۋىچ بىر قېتىملىق يىغىندا: «بۇ قەتلىئامنى پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىستىراتېگىيەنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس دېيەلمەيمەن» دېيىش ئارقىلىق، دىپلوماتىك ئۇسلۇب بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنىڭمۇ بۇ قەتلىئامدىن جاۋابكار ئىكەنلىكىنى پۇرىتىپ قويغان. دەرۋەقە، ئەينى دەۋردە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى كوفى ئاناننىمۇ بۇ ھەقتە دوكلات ئېلان قىلىپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ قەتلىئامدىن جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، بوسنىيە تىراگېدىيەسىنىڭ غەربنىڭ خاتىرىسىگە ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتقان (بوسنىيەدە يۈز بەرگەن بۇ تىراگېدىيە غەرب تارىخى نۇقتىسىدىن تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پەنلىرى پىروفېسسورى

مارك كىشلانسكاي «غەربنىڭ مەنبەلىرى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىدا غەرب تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان 148 ھۆججەتنىڭ ئىچىگە ئانىنىڭ بوسنىيە قەتلىئامىنىمۇ كىرگۈزگەن.) بەزىلىرى ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش ئەسناسىدا بوسنىيەگە «ياردەم» قىلغانلىقىنى، غەرب ئەللىرىنىڭ بولسا ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ توغرا ئەمەس. ئامېرىكا خوددى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا بولغىنىدەك، ئۇرۇشقا قاتناشقان تەرەپلەر كۈچىدىن قېلىپ ئامال بولمىغاندا (يەنى ئامېرىكىغا موھتاج ھالەتكە كەلگەندە) قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە ئۇرۇشقا ئارىلاشقان. بۇ ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ سىياسىي يولىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، دايتون كېلىشىمى ئىمزالانغاندا ناھايىتى بىر نەچچە مۇھىم كارىدور مەسىلىسىدە بوسنىيەنى يول قويۇشقا قىستىغان دەل ئامېرىكىدۇر. ئىززەتبېگوۋىچنىڭ بۇ مەسىلىدە قەتئىي يول قويماي ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئىزچىل قوغدىشىغا قارىتا، ئامېرىكا مەسئۇللىرى تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ شەرتتىن ۋاز كەچكەنىدى. ئۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن فىرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە سېربىيەنى قوللىغان بولۇپ، ئىززەتبېگوۋىچمۇ داۋاملىق تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىنى «ياۋروپانىڭ قىممەت ئۆلچەملىرى» بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇرۇشتا ئىززەتبېگوۋىچ بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىنى ئىزچىل ئەسكەرتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيەسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. بىراق ئۇرۇش ئەسناسىدا بوسنىيەلىكلەرنىڭ كۆرسەتكەن ئىپادىلىرىگە قاراپ، غەرب ئەللىرى تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ چوقۇم تۈزۈلۈشى كېرەكلىكىگە قايىل بولغان. شۇڭلاشقا، بوسنىيە ئۇرۇشى «مۇسۇلمانلار» دېگەن بۇ ھەقىقەتنىڭ يەنە بىر قېتىم نامايەن بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشى جەھەتتىنمۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «كۇپۇر بىر مىللەتتۇر» ۋە «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىن باشقا دوستى يوقتۇر.»

## ئىززەتبېگوۋىچقا بولغان تەنقىدلەر ۋە ئۇنىڭ دېموكراتىيە قارىشى

بەزىلەر ئىززەتبېگوۋىچنى بوسنىيەدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش غايىسىگە سادىق بولماسلىق بىلەن تەنقىد قىلىدۇ. بۇنداق قاراش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئۇۋال قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇ مەيلى مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتى لىدىرى بولغان ۋاقتىدا بولسۇن مەيلى بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى بولغان ۋاقتىدا بولسۇن بوسنىيەنىڭ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بولالمايدىغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلەپ كەلگەن. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇ بۇنى (مەسىلەن، سېرب مىللەتچىلىرىگە كۆز بېرىپ قويماسلىق) بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك سەۋەبلەر بىلەن ئەمەس، «پرىنسىپاللىق» روھىنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە قىلغان. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىناغا ئوخشاش نۇرغۇن ئېتنىك توپلۇق بولغان بىر مەملىكەتتە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا ئۇرۇنۇش زۇلۇم پەيدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ غەيرى مۇسۇلمانلارغا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى مەجبۇرىي تېڭىشتىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، بۇ ئىسلامنىڭ ھەق ئۆلچەملىرىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئۇ سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغاندىن باشلاپ، مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغانلىقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن بولسىمۇ، بوسنىيەدە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئۇدا ئەسكەرتكەن ۋە مۇشۇ بويىچە ئىش تۇتقان (ئەسلىدە ئىززەتبېگوۋىچنىڭ بۇ چۈشەنچىسى يېڭى ئەمەس. 1970 - يىلى ئېلان قىلغان ئىسلام خىتابنامىسىدا «باشقا مىللەتلەر» بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختالغاندا بۇ ھەقتە چۈشەنچىسىنى بايان قىلىپ، ئىسلام دۆلىتىنى پەقەت مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دىياردا بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەر خىل ئېتنىك توپلۇقلار بولغان يەرلەردە بولسا «ھەق - ھوقۇقلارغا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش» پرىنسىپىنىڭ روھى بويىچە ھەرىكەت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.) ئىززەتبېگوۋىچنىڭ بۇ قارىشىغا سىياسىي تەدبىر نۇقتىسىدىن قارالغىنىدا توغرا. چۈنكى بۇرۇنمۇ ئىززەتبېگوۋىچ بۇنىڭغا پرىنسىپ نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلغان (ئىززەتبېگوۋىچنىڭ «ھەق» ئۇقۇمىغا بولغان ئالاھىدە سەزگۈرلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇ ئەڭ يېقىنلىرىنىڭ يولسىز قىلمىشلىرىغىمۇ يول قويمايتتى. دەرۋەقە، بوسنىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش ئەسناسىدا سادىر قىلغان بەزى خاتالىقلىرى تۈپەيلى، قارشى تەرەپتىن كەچۈرۈم سورىغانىدى. ئۇ سىياسىي خەتەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى تەيىنلىگەن باش مىنىستىر ھارىس سىلايدزىچنىڭ خاتا سىياسەتلىرىنى خەلق ئالدىدا تەنقىد قىلغان.) ئۇنىڭ دېموكراتىيە قارىشىمۇ بەزىلەرنىڭ تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرىغان. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارىشى مەۋدۇدى بىلەن مالىك ئىبنى نەبىنىڭ قارىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ دېموكراتىيە ئۇقۇمىنى ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدىكى مەنىدە ئىشلىتىدۇ. ئۇنى بۇ جەھەتتە توغرا چۈشىنىش كېرەك. چۈنكى ئۇ غەرب جۇغراپىيەسىدە ياشىغان بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا خىتاب ئوبيېكتى غەربلىكلەردۇر. (مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاخىرقى يىغىنلىرىدىن بىرىدە، بۇ ئۇقۇم ئىدىئولوگىيەلىك مەزمۇنى بىلەن ئەمەس، كەڭ ئىستېمالدىكى مەنىسى بىلەن يەنى «خەلقنىڭ ئىرادىسى نامايەن بولغان تۈزۈم» مەنىسىدە ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن). بىراق، يەنىلا ئۇنىڭ دېموكراتىيە قارىشىنىڭ تېرمىنولوگىيەلىك نۇقتىدىن تەنقىدكە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ «ھەقىقىي ئىسلامىي تىل»نى ئىشلىتىشى دەۋەتنىڭ كەڭ قانات يايدۇرۇلۇشى جەھەتتىن تولىمۇ مۇھىم. مەقسەتنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتىن ۋە غەربلىكلەرگە خىتاب قىلغاندا بۇ خىلدىكى ئۇقۇملارنى ئىشلىتىشنى توغرا چۈشىنىش مۇمكىن. بىراق مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلغاندا ۋە ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى ئىزاھلىغاندا، غەرب ئىدىيەسىنىڭ ئىزلىرى بولغان ئۇقۇملارنى ئىشلەتمەسلىككە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ■

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىلجان




# شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپلەر ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرى

مىركامىل كاشغەرى

ئەسلىدە بۇ، سىياسىيون، ئۇستا تەشكىلاتچى ۋە ئىستىراتېگىيە مۇتەخەسسىسلىرى تەتقىق قىلىپ يول سىزىپ چىقىشى كېرەكلىك مۇھىم بىر تېما، ئەمما شۇنداقتىمۇ ھالىمغا باقماي، بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ بېقىشتىكى مەقسىتىم پەقەت، بۇ ساھەنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرى ۋە يول باشچىلىرىغا ئاددى بىر شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىر تەشكىلاتتىن كۈتىدىغان ئارزۇلىرىمنى، ئۈنۈملۈك ۋە نەتىجىلىك بىر تەشكىلاتنىڭ قانداق بولۇشى ۋە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىگە دائىر خۇسۇسىي تەسەۋۋۇرلىرىمنى سۇنۇشتىنلا ئىبارەتتۇر. چۈنكى يۇرتىمىزدە شۇ ۋەتەن، شۇ مىللەت ۋە شۇ ئۈممەت ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ چوغ يېنىپ تۇرغان ھەر قانداق كىشىنىڭ بۇ ھەقتە چوقۇم ئويلىغانلىرى، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە كېچە- كېچە باش قاتۇرۇپ يىغلىغان قالغان قەلب سۆزلىرى، ئۇلارغا دەۋالماقچى بولغان، يەتكۈزمەكچى بولغان پىكىر، تەلەپلىرى بولىدۇ. ئىنشائاللاھ بۇ يازمام ھەم مېنىڭ ھەم بارلىق ئاددى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەشكىلاتلاردىن كۈتىۋاتقان ئارزۇلىرىغا ئەينەك بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئالدى بىلەن چەت ئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىز دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپلەردىن باشلايلى!

چەت ئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان تەشكىلات-لىرىمىزنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىش، تاقىلىپ كېتىش ياكى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىن قوغلاپ چىقىرىلىش خەۋپى بارمۇ؟ يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن دائىرىسىدە قۇرۇلغان ۋە قانۇنلۇق پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا چەت ئەللەردىكى سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەشكىلاتلار زادى قانداق خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ؟ خىتاينىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى، چەت ئەللەرگە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن پىتنىكەشلىرى،

www.uyghurkitap.com

ئىچكى نىزا، بىر- بىرىنى ياراتماسلىق ۋە ئۆزئارا دۈشمەنلىك... قاتارلىقلارمۇ؟

ياق، بۇلار خەۋپ ئەمەس، بەلكى ھەر دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئەمما ئەتراپلىق ئىنتىزام - تەرتىپ ۋە تەربىيە پىروگراممىسى بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدىكى ئەڭ چوڭ خەۋپ بولسا، تەشكىلاتنىڭ نىشانسىز خىزمەت قىلىشى، خىزمەت پىروگراممىسىنىڭ بولماسلىقى، مۇھىمى روشەن بىر يېتەكچى ئىدىيەنى ئاساس قىلغان ئىچكى - تاشقى تەربىيە پىروگراممىسىنىڭ بولماسلىقى، نەتىجىدە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

چەت ئەللەردىكى 60 يىللىق تەشكىلاتچىلىق تارىخىمىز قىسمەن ئىجابىي نەتىجىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا شۇنداق بولۇپ كەلدى. يولى ۋە مەنزىلى روشەن يېتەكچى ئىدىيە ۋە خىزمەت پىروگراممىسى ئەتراپىغا ئەمەس، بەلكى شەخسلەرنىڭ نوپۇزى ئەتراپىغا توپلاشقان بولغاچقا، تەشكىلاتلارنىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسىمۇ ئاشۇ نوپۇز ساھىپلىرىنىڭ ئېگىز - پەس قىسمىتىگە تەقدىرداش بولۇشتىن قۇتۇلالمىدى. بۇ تارىخىي ساۋاقلار تېخىچە يەكۈنلەنمىگەنلىكتىن مانا ھازىرمۇ ۋەتەندىكى خەلققە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، بەلكى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆز نوپۇزى ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ يۈرىيدىغان تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ سانى ئاشماقتا. بەلگىلىك بىر قانچە تۈرلۈك ئىشتىن باشقا قىلىدىغان ئىشى يوق ياكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بولغاچقا، قىلىپلىشىپ ئەنئەنىلەشكەن بىر قانچە پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ كەلمەكتە. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى يەنىلا تەشكىلاتچىلىقتا جىددىي قارىماسلىقتا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا بىرىنچى بولۇپ بۇ يەردىن ھەر قايسى تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋە خادىملىرىغا تەشكىلات ئىشىنىڭ ئىنتايىن يۈكسەك جىددىيەت، سەممىيەت ۋە دائىم تىرىشىپ تۇرغان تىنىمسىز روھ تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچىمەن. تەشكىلات قۇرغانلىق ئۇلۇغ خىزمەت قىلىۋەتكەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ خىزمەتنى ئەمدى تېخى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا نىيەت قىلغانلىق ۋە تۇنجى قەدەمنى بېسىشقا تەمشەلگەنلىك ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمەن. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ئالەملەرنىڭ ئۈلگىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلامىي ھەرىكەت مېتودىنى ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت مەزلۇم ئۈممەتنىڭ ئازاتلىق ھەرىكىتى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، يولى ۋە مەنزىلى روشەن بىر يېتەكچى ئىدىيە ياراتماي ۋە ئۇنى ئۆزىمىزگە مۇكەممەل شەكىلدە ئۆزلەشتۈرمەي تۇرۇپ بىر قەدەممۇ ئالغا باسالمايمىز. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش دەۋانىڭ غېمىدە كېچىلىرى ئۇيقۇسىز، تەپەككۇرلۇك سەجدىلەردىن باش كۆتۈرمەيدىغان، دەۋانى بىر قەدەم بولسىمۇ ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن ھېلى ھەبەشىستان (ئېفوفىيە)گە ھەيئەت ئەۋەتسە، ھېلى ئۆزى تائىفقا چىقىپ، ئاياقلىرىنىڭ يارىلىنىشىغا پەرۋاسىز ئىزدىنىدىغان... ئۆزى قۇتقۇزماقچى

بولۇۋاتقان خەلقىنىڭ چالما ـ كېسەك، تىل ـ ھاقارەتلىرىگە قىلچە پىسەنت قىلماي، ياكى غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ئەمەس، كۆيۈم ـ شەپقەت، دۇئا ۋە تىلەكلەر بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ، يەنە باشقا يول ـ چارىلەرنى تىنماي ئىزدىنىش ھارماس ئىرادە، داۋاملىق تىپچەكلەپ تۇرىدىغان ئىنتىلىشچان پىكىر سەزگۈرلىكى، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر تېرەنلىكى، جۇملىدىن ئىخلاس ۋە پىداكارلىق پەيدا قىلماي تۇرۇپ دەۋانى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتىن قەتئىي سۆز ئاچالمايمىز. ئاللاھ ھەممىمىزگە غايە بىلەن رەھبەر ۋە مەقسەت بىلەن ۋاستە ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇقنى ئايرىيالايدىغان پاراسەت ھەمدە تىنماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان ھەقىقىي ئىخلاس ۋە لاياقەت ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

ئۈنۈمى يۇقىرى ھەرىكەت ياكى تەشكىلات قانداق بولىدۇ؟

دەرۋەقە ھەر قانداق بىر كۈرەش ئۈچۈن تەرتىپ ـ ئىنتىزام ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما ئىش تەشكىلاتنى تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق شەكىلدە قۇرۇپ چىقىش بىلەنلا تامام بولمايدۇ، ئۇنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پائال ھالغا كەلتۈرۈشنىڭ چارىسىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ كونكرېت چارە ـ تەدبىرلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق توختىلىشتىن ئىلگىرى «ئۈنۈمى يۇقىرى ھەرىكەت ياكى تەشكىلات قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىپ چىقايلى!

شۇنىسى ئېنىقكى، يالغۇز ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى توپلىشىپ ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ تەرتىپلىك ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇشى، تەشكىللەنگەنلىكى، يەنى تەشكىلاتلانغانلىقى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئاجايىپ پەۋقۇلئاددە بىر كۈچ ـ قۇدرەت پەيدا بولىدۇ. بۇنى ئاددى مىسال بىلەن چۈشەندۈرگەندە، (1+1) قوشقاندا نەتىجىسى (2) ئەمەس، بەلكى (11) بولىدىغان بولىدۇ. چۈنكى تەشكىللىنىش يالغۇز ئۇلارنىڭ تالانت، ئىقتىدارلىرىنى بىر ـ بىرىگە قوشۇشلا ئەمەس، بەلكى قوشۇش بىلەن بىرگە ھەسسىلەپ كۆپەيتىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. ئەگەر ناۋادا بىر مۇنچە كىشىلەر بىر يەرگە توپلاشقان تۇرۇپمۇ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمىسا ياكى ئۇلاردىكى 10 كىشىنىڭ بىرلەشمە ئىقتىدارى باشقا 5 ـ 10 كىشىنىڭ ئىقتىدارى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدە تۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ، تەشكىلاتنىڭ پائال ئۈنۈملۈك بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇنداقتا قېنى ئەمدىلىكتە «تەشكىلاتنىڭ پائال ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟» دېگەن نۇقتىغا قاراپ باقايلى

«تەشكىلاتنىڭ پائال ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشى» تەشكىلاتنىڭ غايىسى ۋە نىشانىنى تېخىمۇ تېز سۈرئەت ۋە تېخىمۇ ياخشى دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەگەر تەشكىلات قۇرۇلۇپ، ئىشخانىلىرىمۇ ئېچىلىپ، مەسئۇللارنىڭمۇ تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى بەلگىلىنىپ بولغان تۇرۇقلۇق، كۆزلىگەن نىشاندا ئىلگىرىلەش كۆرۈلمىسە، بىز ئۇنى «تەشكىللىنىشى جايىدا، ئەمما پائالىيىتى ۋە ئۈنۈمى يوق تەشكىلات» دەپ ئاتايمىز. مانا بۇلاردىن ئەمدى بىز «مۇنتىزىم تەرتىپلىك تەشكىلات قۇرۇلىدىغان، ئەمما بىر ئىزىدا تۇرۇپ قالىدىغان، پائالىيىتى ۋە ئۈنۈمى بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەن خۇلاسىنى چىقىرالايمىز.

دېمەك تەشكىلات ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرسى مۇئەييەن بەلگىلىك ئىشلارنى ئۆز پېتى ساقلاپ كېلىۋاتقان تەشكىلات بولۇپ، ئۇنى بىر ئىزىدا تۇرىدىغان توختاق تەشكىلات دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىرسى پائال تەشكىلات بولۇپ، ئۇ تەشكىلاتنى ھەرىكەتكە سېلىۋاتقان، ئالغا ئىلگىرىلىتىپ تەرەققىي قىلدۇرىۋاتقان، سەۋىيەسىنى بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرىۋاتقان بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلەرمۇ «مەۋجۇت ھالىتىنى ساقلاپ قالىدىغان تەشكىلات» ۋە «تەرەققىي قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان تەشكىلات» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، پائال، كۈرەشچان تەشكىلاتلار تۇرغۇن ھالىتىنى ساقلاپ قالسا بولمايدۇ. بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەرىكەت قىلىپ، مەلۇم مەنزىلگە يېتىشى، مەلۇم غايىنى ئىشقا ئاشۇرىشى لازىم. شۇڭا ئۇنداق تەشكىلاتنىڭ ئىچىدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات ھەرىكىتى بولىدۇ ھەمدە يەنە ئىلگىرىلىگەن قەدەملىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مەۋجۇت ھالىتىنى ساقلاش، يەنى نوپۇزىنى قوغداش ھەرىكىتىمۇ بولىدۇ. ئەمما نوپۇزنى ساقلاش ھەرىكىتى نىسپىي بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئالغا ئىلگىرىلەش، كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بىر تەشكىلات ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە بەلگىلىك رايوندىكى تەسىر كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ ھەرىكەتچان، پائال تەشكىلات بولۇشتىن چىقىپ، بىر ئىزدىكى قاتمال تەشكىلاتقا ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ.

مانا بۇ چۈشەندۈرۈش بىلەن ھازىر «پائال ئۈنۈملۈك تەشكىلات»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋە ھەرىكەت شەكلىنى مەلۇم دەرىجىدە ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان بولدۇق. ئەمدى بىز «بىر تەشكىلىي ھەرىكەتنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ پائال ۋە ئۈنۈملۈك ھالغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟» دېگەن ئەڭ باشتىكى نىگىزلىك مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

دېمىسىمۇ ھەرىكەتنى پائال ۋە ئۈنۈملۈك ھالغا كەلتۈرۈشنىڭ نۇرغۇنلىغان تەرەپلىرى، يوللىرى ۋە يۆنىلىشلىرى بولىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت نۇقتىلىق ئاساسلىرى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

## 1 ـ تەشكىلات، نىشانغا يېتىشتىكى بىر ۋاستە

يەنى بىرىنچى بولۇپ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش، تەشكىلاتنىڭ ھەرگىزمۇ مەقسەت ۋە غايىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا يول قويماسلىق، بەلكى دەل ئەكسىچە ئەسلىدىكى غايە ۋە نىشانغا يېتىشنىڭ بىر ۋاستىسىغا ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش لازىم.

دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلار دائىم دېگۈدەك دۇچ كېلىپ تۇرىۋاتقان خەۋپلەرنىڭ بىرسى دەل مۇشۇ. نەتىجىلىك شەكىلدە كېڭىيىپ، تەرەققىي قىلىپ كېتىۋېتىپ، ئاخىرىدا تەشكىلاتنىڭ ئۆزى ئەسلىدىكى غايىگە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇئەييەن بىر غايىنى ۋە نىشاننى

ئىشقا ئاشۇرۇشقا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلات، ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىزمەت تەلەپ قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆزگىچە خىزمەت قىلىشىنى ۋە باش ئېگىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە قول ئىلكىدىكى ئىمكانىيەتلەر، ۋاقىت، ئىقتىدار، ئىقتىساد قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق كۆپ قىسمى ئەسلىدىكى غايە ۋە نىشاننى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت نوپۇزى ۋە ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشكە باشلايدۇ.

ئەلۋەتتە تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە نوپۇزىنى ساقلاشمۇ مۇھىم بىر تەقەززا، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەزى ئىمكانلارنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، بۇ ھەرگىزمۇ ئەسلى خىزمەت ئەمەس. ئوتتۇرىدىكى بۇ تاناسىپ كۈچەيگەنسېرى ئەسلىدىكى غايىنى ئاساس قىلغان تەشكىلىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى ئاجىزلىشىپ كېتىشكە باشلايدۇ. دەسلەپتە ئازغىنە بىر قانچە كىشى بىر يەرگە جەم بولۇپ مەلۇم بىر خىزمەتنى قىلىشقا باشلىغاندا ئاجايىپ ياخشى ئۈنۈم مەيدانغا كېلىدۇ، بۇ ھەرىكەتنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، نەچچە يۈزلىگەن ۋە مىڭلىغان كىشىگىچە يەتكەندە بولسا، كىشىلەرنىڭ تەشكىلاتتىن كۈتكەن خىزمەتلىرىنىڭمۇ زورىيىشىغا ئەگىشىپ تەنقىدلەرمۇ كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەشكىلات تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە خىزمەت قىلىش ۋە ھەرىكەتنى تېخىمۇ كېڭەيتىشتىن ئىبارەت نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى تاشلاپ، تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت نوپۇزىنى ساقلاشقا ۋە مۇستەھكەملەشكە مەركەزلىشىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى ۋە نوپۇزى تۆۋەنلەپ كېتىشكە يۈزلىنىدۇ.

بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەشكىلات مەسئۇللىرى ۋە خادىملىرى چوقۇم يۇقىرىقى نۇقتىنى ئەستە تۇتىشى، ھەر دائىم قول ئىلكىدىكى ئىمكانىيەتلەرنىڭ (ئىقتىساد، ۋاقىت، كىشىلىك ئىقتىدار، ئاكتىپلىق ۋە ئادەم كۈچى قاتارلىق ۋاسىتىلەرنىڭ) قانچىلىك قىسمىنىڭ تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا، يەنە قانچىلىك قىسمىنىڭ تەشكىلاتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىپ غايىگە يېتىش سۈرئىتىنى تېزلاشتۇرۇشقا ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇشى، دائىم مۇشۇ مۇھىم نۇقتا ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى لازىم. بۇ مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ، مەيلى يېڭى، مەيلى شەھەر، دۆلەت ۋە رايون خاراكتېرلىك ھەتتا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارمۇ ئەڭ دەسلەپ ئەھمىيەت بەرمىسە، بىرىنچى ئورۇنغا قويمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش.

بۇ نۇقتىدا تەشكىلاتنىڭ قول ئىلكىدىكى ۋاسىتىلەرنى توغرا ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا ئىستېمالنىڭ يۆنىلىشى ۋە تەڭپۇڭلۇقى ھېس قىلىنماستىن بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ، شۇڭا بۇ نۇقتىدا ئىنتايىن سەگەك بولۇش ۋە ھەر دائىم نەتىجىسىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش لازىم. ئەگەر يولغا چىققاندا بىر قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ قالمىسۇن دېگەننى ئويلاپ دىققەت قىلساق، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەردىن ساقلىنىپ قالالايمىز، ئەگەر يولدا پەرۋاسىزلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، سەگەك بولمىساق، كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرگە يولۇقۇپ قېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ. بۇ ناھايىتى ئاددى بىر مىسال.

مەسىلەن، مەلۇم جايغا يېتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغىنىمىزدا ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرى بولمىسا، كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بارالمايمىز. ئاپتوموبىلدا يولۇچىنىڭ ئولتۇرغان بولۇشىمۇ شەرت، ئاپتوموبىلدا بېنزىن بولۇشىمۇ لازىم، ئېلېكتىر تولۇق قاچىلانغان بولمىسا يەنە بولمايدۇ. ئەمما شۇنداق بىر ھەقىقەتمۇ باركى، ئاپتوموبىلنىڭ ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسىسى تولۇقلانغان، يولۇچىمۇ ئولتۇرۇپ بولغان، شوپۇرنىڭ قولى رولدا، پۇتى مايغا بېسىۋاتقان، ئاپتوموبىلنىڭ موتورىمۇ بولۇشىغا ئاۋاز چىقىرىپ، گۈرۈلدەۋاتقان، ماي كۆيدۈرۈپ ئىس چىقىرىۋاتقان، لېكىن ئاپتوموبىل ئۆز ئورنىدا قىمىر قىلماستىن تۇرغان ئەھۋاللارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئېنىقكى، بۇنداق ئاپتوموبىل قوزغالمىسا، جايىدا تۇرۇپ ھەر قانچە ماي كۆيدۈرۈپ موتورىنى گۈرۈلدەتكىنى بىلەن بىر قەدەممۇ ئالغا باسالمايدۇ. كۆزلىگەن يۆنىلىشكە قاراپ توغرا خوتقا سېلىنمىغۇچە ئاپتوموبىل ھەرىكەت قىلالمايدۇ. بۇ ئاددى مىسالنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭدەك، بىرەر جەمئىيەت ياكى تەشكىلات-نىڭمۇ مەيلى قانچىلىك ئەزاسى ۋە ئىمكانىيىتى تولۇق بولغان بولسۇن، مەيلى قولىدىكى ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىنى قانچىلىق ھەرىكەتكە سېلىۋاتقان ۋە ئىستېمال قىلىۋاتقان بولسۇن، بۇلاردىن قەتئىينەزەر ئەگەر ئۇ كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيدىكەن، ھەرگىزمۇ پائال كۈرەشچان تەشكىلات بولغان بولمايدۇ، بەلكى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاۋاتقان بىر ھەرىكەتكە ئايلانغان بولىدۇ.

مەن بۇ يەردە تەشكىلاتنىڭ ئەمەلىي تەقەززالىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى رەت قىلىۋاتقىنىم يوق، بەلكى قولىدىكى ئىمكانىيەت ۋە ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ تاناسىپى، تەڭپۇڭلۇقى، يۆنىلىشى ۋە مۇھىملىقىنى تەكىتلەشكە تىرىشىۋاتىمەن.

مانا بۇلار «پائال ۋە ئۈنۈملۈك تەشكىلات»قا نىسبەتەن سەل قاراشقا بولمايدىغان، دائىم ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاشنى تەقەززا قىلىدىغان بىرىنچى نۇقتىلىق ئاساس.

## 2 ـ كۆزلىگەن نىشاننى (ياكى خىزمەتنى) توغرا تارازىغا سېلىش

ئىككىنچى قەدەمدە «بىز زادى نېمە ئىش قىلماقچى؟» ياكى «بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز نېمە؟» دېگەننى ئەتراپلىق ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى ھەممە جەھەتتىن توغرا ئۆلچەپ، توغرا تارازىغا سېلىپ چىقىشىمىز لازىم. مەيلى كىچىك مەيلى چوڭ، مەيلى يېزىغا ياكى شەھەر ۋە ياكى دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئالدى بىلەن ھەممىلا جەھەتتىن ئۆزىمىز تولۇق بىلىشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا تەشكىلاتنىڭ ھەرىكىتى ئەمەلىي ئۈنۈم بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەمدى ئىشنى توغرا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن

ـ چۇ؟ دېگەندە، بىزنىڭ خىزمەت ئوبيېكتىمىز بولغان يېزا ياكى شەھەردە قانچىلىك كىشى بار؟ قانچىلىك ئايال؟ قانچىلىك ئەر؟ كىملەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك؟ كىملەر يادرو مەنبەسى ۋە قەيەردە؟ ئۇلارنىڭ قەلبىنى قانداق قىلغاندا فەتھى قىلغىلى بولىدۇ؟ مانا بۇلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇش لازىم. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز خىزمەت قىلماقچى بولغان رايوندا قانچە يېزا، قانچە شەھەر ۋە قانچىلىك كىشى بارلىقىنى، قەيەردە قايسى خوجايىن بار؟ قەيەردە كىم ئەڭ كۈچلۈك؟ كىمنىڭ قولىدا كۈچ ـ قۇۋۋەت بار؟ قايسى مەسجىدنىڭ ئىمامى ياكى خەتىپىنىڭ تەسىرى ياخشى؟ دېگەنلەرنى بىلمىسىڭىز ئۇ رايوننى ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزگە تارتالمايمىز، ھەرگىزمۇ رايون خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلالمايسىز.

ئەگەر بىز ھەرىكىتىمىزنى چىن مەنىدىن پائال ئۈنۈملۈك ھالغا كەلتۈرمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شەرت ـ شارائىتلارنى توغرا تونۇپ يېتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنى بىلمەي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ كونكرېت بىر پىلان تۈزۈپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قارىسىڭىز تەشكىلات توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتقان، قول ئىلكىدىكى ۋاستىلەرنىمۇ ئىشلىتىۋاتقان، ھەتتا ھەرىكەتنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى، يەنى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، پىكىرداش كىشىلەرنى پەيدا قىلىپ ئەزا كۆپەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىمۇ ئاقساتماي قىلىۋاتقان بولىدۇ. ئەمما مۇناسىۋەتلىك رايوندا بۇ ھەرىكەتنىڭ رايوننى ئۆزىگە تارتالىغۇدەك، يېتەكچىلىك رولى ۋە نوپۇزى بولمايۋاتقان بولىدۇ.

تەكتىلەشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا شۇكى، ھەممىلا ئىشتا ھەرىكەت ھازىر قايسى نۇقتىدا ۋە قايسى نۇقتىغا يېتىپ بارماقچى؟ دېگەن سېلىشتۇرمىلىق باھالاشتىن ئايرىلماسلىق لازىم. بۇ ئىككى خىل ئىنچىكە مۆلاھىزە توغرا ئېلىپ بېرىلمىغان تەقدىردە، ھەرىكەت ئۈنۈمىنى يوقىتىپ قويىدۇ ياكى ھېچ بولمىغاندا ھەرىكەتنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلىش ئۈچۈن توغرا ئاڭ، توغرا ھېسسىيات ئويغىتالمىغان بولىدۇ. ئەگەر بىز زادى قانچىلىك ئىش قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى مۆلچەرلىيەلمىسەك، ياكى كۆزلىگەن مەقسەت ۋە نىشاننى مۇئەييەنلەشتۈرەلمىسەك، بۇنىڭ مەنىسى، ھەر يىلى مانا مانچىلىك ئىش قىلدۇق دەپ قۇرۇق دوكلات تەييارلىغانلىقلا بولىدۇ. يىراق يېتىپ بارماقچى بولغان غايە ئۆز ئورنىدا تۇرىۋېرىدۇ، يەنى، تەسىرىمىز ئاستىغا ئالماقچى بولغان رايون ۋە شۇ يەردىكى خەلققە نىسبەتەن ئاساسلىق يېتەكچى بولۇش نىشانىمىزدا ھېچ قانداق ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولىمىز.

## 3 ـ ئۈنۈملۈك پىلان تۈزۈش

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۆزىمىزنى ۋە قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى توغرا دەڭسەپ بولغاندىن كېيىن، قەيەرگە بارماقچى؟ نېمە بىلەن بارماقچى؟ قانداق ۋاستىلەر بولۇشى لازىم؟ بۇ ۋاستىلەرنى قانداق ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ قاتارلىق بۇ تۆت سوئال، نەتىجىلىك پىلان تۈزۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم. مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ ھەر قانداق ئىش ئۇچۇن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ قەتئىي پىلان تۈزگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، كوچىلارغا ۋاراق تارقىتىشتىن تارتىپ بىرەر مەكتەپ، ياكى تەربىيە مەركىزى قۇرۇشقىچە، بىرەر يىغىن چاقىرىشتىن تارتىپ دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ سايلاملارنى ئۆتكۈزۈشكىچە بولغان چوڭ-كىچىك ھەممىلا ئىش، ئالدى بىلەن مۇشۇ تۆت سوئالغا جاۋاب تاپماي تۇرۇپ قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

نىشانغا قانداق يېتىپ بارىمىز؟ يېتىپ بېرىش ئۇچۇن قانداق نەرسىلەرگە ئېھتىياجىمىز بار؟ ئىمكان ۋە ئىنسان كۈچى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، روھىي، ئەخلاقىي ۋاسىتىلەرنى قانداق، قەيەردىن ھەل قىلىمىز؟ مانا بۇلارنى چۆرىدىگەن ھالدا پىلان تۈزۈش، «پائال ئۇنۇملۇك تەشكىللىي ھەرىكەت»نىڭ 3 - تۈپ ئاساسىي ھېسابلىنىدۇ.

ئاتالغان چوڭ شىركەتلەرنىڭ كېلەركى بەش يىللىق بازارنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە تىرىشىدىغانلىقى، ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن قانچىلىك زور مەبلەغ، زېھىن سەرپ قىلىدىغانلىقى بىزلەرگە نامەلۇم بولمىسا كېرەك. بۇ شىركەتلەر ئالدىمىزدىكى بەش يىلدا نېمىلەرنىڭ بازار تاپىدىغانلىقىنى، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە قىزىقىشىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ھەم قانداق يېڭىلىقلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، شۇنىڭغا قارىتا ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن مال تەييار قىلىشقا، ھەتتا خېرىدارلارغا باشلامچى بولۇپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياج، قىزىقىشلىرىنى ئۆزلىرى خالىغان نىشانغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ يالغۇز شىركەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تۇرغۇزۇش ئۇچۇنلا قوللىنىلىدىغان تاكتىكا بولماستىن، بەلكى دۆلەتتىن تارتىپ چوڭ-كىچىك تەشكىلاتلارغىچە قوللانمىسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرىدۇر.

يەنى، بىر دۆلەت، بىر ئىدىئولوگىيەنىڭ بايراقدارى بولماقچى بولغان تەشكىلاتمۇ مانا شۇنداق ئالدىن كۆرەرلىككە، خەلقنىڭ ئىدىيە، كۆز قاراشلىرىغا يېتەكچى بولۇپ ۋە ئۇنى ئۆزىگە پايدىلىق بولغان يۆنىلىشكە يۈزلەندۈرۈشكە موھتاج. بۇنىڭ ئۇچۇن شۇ باشلامچى بولماقچى بولغان جەمئىيەتنى تەكشۈرۈپ، توغرا ئانالىز قىلىش ئاساسىدا ھەرقايسى قاتلاملارغا قارىتا قاراتمىلىقى بولغان يېڭى پىكىر، ئۇقۇم ۋە تاكتىكىلارنى ئالدىنئالا بىكىتىپ چىقىش تولىمۇ مۇھىم. بۇ ھالقىلاردا ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن بىرگە ئىنچىكە ئەستايىدىللىق، سىياسىي سەزگۈرلۈك، پىكىردىكى تېرەنلىك ئوخشاشلا زۆرۈر، ئەلۋەتتە...

ئەگەر بۇ ئاساسىي شەرتلەرنى قاندۇرماستىن، بەش يىلدىن كېيىنمۇ يەنە «بىزنى قوللايدىغانلاردىن مۇنچىسى كۆپەيدى، مۇنچىسى ئازايدى» دەپ دوكلات يېزىپ يۈرسەك، بىر ئىزدا توختاپ قالغان بولىمىز. ئەكسىچە، بەش يىل بۇرۇنقى بۈگۈندىلا «بۇ، بۇ جايلاردىكى بىلەن قوشۇلۇپ شۆبىمىز 10غا يېتىدۇ. بۇ شەھەر، ياكى دۆلەتتىكى قوللىغۇچىلىرىمىزنىڭ سانىنى 100گە يەتكۈزىمىز. پالانى رايوندا تەسىرى كۈچلۈك بولغان پالانى زات،

ئىمام ياكى سودىگەر، ئەمەلدارلار يېقىنلىرىمىز بولغان بولىدۇ» دەپ ئېنىق نىشان ۋە ماس پىلان لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويالىساق، ئىنشائاللاھ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن، تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق نىشانلىرىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئورۇندىيالايمىز.

ئەلۋەتتە بەزى كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئەتراپلىق تۈزۈلگەن پىلان - لايىھە ۋە بىرلىكتە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئورتاق كۆرەش قىلالايدىغان كوللېكتىپ بولىدىكەن، ھەرقانداق تاسادىپىيلىقنىڭمۇ ئىلگىرىلىشىمىزنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز .

مانا بۇلار ھازىرقى دەۋرنىڭ دەبدەبىلىك ئاتالغۇلىرى بويىچە پىلانلاش، لايىھە تۈزۈش سەنئىتى دەپ ئاتىلىدۇ. پىلان ۋە لايىھە تۈزۈشكە نىسبەتەن باشقا نۇرغۇن ئۆزگىچە ئۇسۇل - قائىدە، مېتود، پىرىنسىپلارمۇ بار. بىراق ئاساسىي نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يۇقىرىقى تۆت ئاددىي سوئال پىلان تۈزۈشنىڭ تۈپ نېگىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا ھەر دائىم «ھازىر قايسى باسقۇچتا تۇرىۋاتىمىز؟» دېگەنگە قاتتىق دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ قەدەممۇ-قەدەم، تەدرىجىي بولىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ بىر ئاتلاپلا مەنزىلگە يېتىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەستە تۇتىشىمىز، چوقۇم بىرىنچى قەدەمنى تاشلاپ بولۇپ ئاندىن ئىككىنچى قەدەمنى تاشلىشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا خۇددى مارچقا دەسسەۋاتقان ئەسكەرلەردىن بىرسى قوماندانغا بويسۇنماي، بىرلا ئاتلاپ نىشانغا بارماقچى بولۇپ، مارچنى بۇزىۋەتكەنگە ئوخشاش بىر ئىشقا ئايلىنىدۇ. ئىلاھىي قانۇنىيەت بىزنىمۇ سەپتىن چىقىرىپ بىر بۇلۇڭغا ئېتىپ تاشلايدۇ.

دېمەك، تاشلىغان ھەر بىر قەدىمىمىز ياكى قەدەملىرىمىزنىڭ بىر ئاي، بىر يىل ياكى بەش يىلدىن كېيىن بىزنى قەيەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىنچىكە ھېسابلىيالايدىغان ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەلەيدىغان بەسىرەت (پاراسەت) يېتىلمىگەن بولسا، ئۇنداقتا بىز يەنە بەش يىلدىن كېيىنمۇ يەنە ھازىر تۇرىۋاتقان باسقۇچتا تۇرىۋېرىمىز دېگەنلىك بولىدۇ.

شۇڭا ئۇزۇن مۇساپىلىق پىلانلارنى تۈزۈش بىلەن بىرگە قىسقا مۇساپىلىق پىلانلارنىمۇ تۈزۈپ، كىچىك-كىچىك قەدەملەر ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، كېلەر بىر ئايدا ياكى بىر يىلدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق تەپەككۇر قىلىش ۋە دەڭسەش ئارقىلىق ئىشنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئىنتايىن مۇھىم.

## 4 - نەتىجىگە قاراش

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئۆزىمىزنى داۋاملىق «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى سوراشقا ئادەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. گەرچە بۇ ناھايىتى ئاددىي سوئالدەك قىلسىمۇ ئەمما ئەمەلىيەتتە

جاۋابى ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر سوئال. «بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتىمىز؟ بۇنىڭ بىلەن نېمىگە ئېرىشىۋاتىمىز؟» دەپ سورالغاندا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان جاۋاب كۆپىنچە تولىمۇ ئاچچىق، تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا چوقۇم ھەر قانداق ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلىشنى خالىغانلىقىمىزنى، ئەگەر قىلىۋاتقان بولساق، نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ياكى قىلىپ بولغان بولساق، نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىمىزنى سوراشنى ئادەتلەندۈرۈش لازىم. شۇنىڭدەك قىلماقچى بولغان بارلىق ئىشلارنى مۇشۇ سوئالنىڭ تارازىسىدا تارتىپ قارايدىغان بولغاندا ئىشنىڭ ئەسلىدىكى غايىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ياكى ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتقانلىقىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر كۆزلىگەن مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلەش كۆرۈلمەيۋاتقان بولسا، ئۇ چاغدا يا قىلىۋاتقان ئىشنى ياخشىلاشقا ياكى تاشلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى پايدىسى بولمىغان ئىشنى قىلىش خۇددى زاۋۇتتا سېتىلمايدىغان رەختنى توقۇغانغا ئوخشاش بىر ئىش. «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئال قويۇلغاندا رەخت نېمە ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ؟ ئامبارلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ ياكى سېتىپ چىقىرىش ئۈچۈنمۇ؟ دېگەن نۇقتىلار ئايدىڭلىشىدۇ. ئەگەر سېتىپ چىقىرىش ئۈچۈن بولسا، خېرىدار تېپىلىشى لازىم. ئەگەر خېرىدارى بولمىسا، ئۇنداق مالنى ئىشلەپچىقارغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ مانا بۇ سوئاللار يا ئىشنى بەلگىلىك نىشانغا پايدىلىق ھالغا كەلتۈرۈشكە ياكى قىلماي ۋاز كېچىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

شۇنى ئۇنۇتماسلىق لازىمكى، ئۆزىمىزگە چوقۇم قىلمىساق بولمايدىغان بۇرچ قىلىپ بەلگىلىۋالغان ھەممىلا خىزمەتنىڭ ئۆز پېتى داۋاملىشىشى مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغىنى ئىشنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. بىز بۇرۇنلا ئۇنۇمى ياخشى دەپ بەلگىلەپ بولغان بىر ئىش ئەگەر دەۋاغا پايدىسىز بولۇۋاتقان بولسا، ئۇنى تاشلىۋەتكۈدەك جاسارىتىمىزنىڭمۇ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

مەسىلەن، مانا ھازىر دۇنيانىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىدا ھەر ئىككى ئايدا بىر دېگۈدەك ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ خەلقئارالىق يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. خۇددى يىغىن ئېچىشتا مۇسابىقىلەشكەندەك ھەتتا بەزى تەشكىلاتلار بىر ئىككى ئەمەس، 5 ـ 6 خەلقئارالىق يىغىلىشلارنى قىلىدىغان، ھەر بىرىگە نەچچە ئون ۋە يۈز مىڭلىغان دوللار سەرپ قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنداق مۇقىم يىغىلىشلار، گەرچە بىر ئىزىدا تۇرىدىغان بىكىك تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ رەسمىيەت تەرزى بولسىمۇ، ئەمما بىزدىكى ھەرىكەتچان تەشكىلاتلارنىڭمۇ يىللىق خىزمەت پىلانى ئىچىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ يەردە ئەسلى ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە يىغىلىشلارنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ياكى ئۆتكۈزۈلمەسلىكىدىنمۇ بەكرەك كۆزلىگەن نىشانغا پايدىلىق بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىدۇر. شۇڭا مېنىڭ نەزىرىمدە تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى، قاتناشقۇچىلار چوقۇم يېڭى پىكىرلەر بىلەن كېلىپ، يەنە يېڭى پىكىرلەرنى

ئېلىپ، يېڭى ئىرادە، يېڭى بىر روھ بىلەن قايتىدىغاندا ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. «يىغىننى نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز؟»، «بۇ جەرياندا قاتناشقۇچىلارنى نېمىلەرگە ئىگە قىلىپ ئۇزاتماقچىمىز؟»، «بۇ جەرياندا ئالدىمىزدىكى پۈتۈن يىل بويى پايدىسى بولىدىغان قانداق ئىشلارنى قىلماقچى؟» دېگەن سوئاللاردىن ئۆتكۈزگىنىمىزدە، ھېچ بولمىغاندا يېڭى بىر ئىرادە بىلەن قايتالايمىز ۋە كېلەر بىر يىل بويى قىلىدىغان خىزمىتىمىزنى مۇشۇ ئىرادىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۈنۈمگە ئىگە قىلالايمىز.

خۇددى باشقا يىغىلىشلار، ئائىلىق سۆھبەت، نامايىش، مۇراسىملار ھەققىدىمۇ «نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتىمىز؟»، «بۇ ئارقىلىق ئىلگىرىلەش بولىۋاتامدۇ يوقمۇ؟ بىزنى مەنزىلىمىزگە يېقىنلاشتۇرىۋاتامدۇ يوق؟» دېگەن سوئاللارنى سوراپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىشىمىز لازىم. ئەگەر ئۈنۈمى كۆرۈنمەيۋاتقان بولسا، دەرھال جايىمىزدا توختاپ، ئۇنى ئۈنۈملۈك قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىشىمىز، قىلىۋاتقان ئىشىمىزغا قايتىدىن نەزەر سېلىشىمىز، ۋاقتىنى، قول ئىلكىمىزدىكى ۋاسىتىلەرنى ۋە ئىقتىدارلىرىمىزنى بىزنى مەنزىلىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىغان ئىشلارغا ئىشلىتىشكە باشلىشىمىز لازىم. بۇ خىل ئۇسۇلنى ئۆزلەشتۈرگەن تەقدىردە نۇرغۇنلىغان پايدىسىز ئىشلارنى تاشلاپ يۈكلىرىمىزنى يېنىكلەتكەن ھالدا ئەسلى غايىمىز تەرەپكە تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ماڭالايدىغان بولىمىز.

## 5 - تەشكىلاتنىڭ ئىغىرلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يېنىك خىزمەتلەرنى تاللاش

بۇ نۇقتىدا ئىغىر، ئاستا ئىشلارنىڭ ئورنىغا ئاز ۋاستە كېتىدىغان يېنىك ئىشلار بىلەن تېخىمۇ تېز قەدەم تاشلاپ ماڭغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن. ھەربىيلەرمۇ قانچە يېنىك ئۆتكۈر قوراللار بىلەن قوراللانسا، شۇنچە چاققان، شۇنچە تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. تارىختىن بۇيان يېنىك ۋە تېز سۈرئەتلىك پارتىزان قوشۇنلار ھەر دائىم ئۇتۇق قازىنىپ كەلگەن. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، تەشكىلاتلار قانچە كېڭەيگەنسېرى شۇنچە ئىغىرلىشىپ ۋە ئاستىلاپ كېتىشكە مۇبتىلا بولىدۇ. بۇنداق چاغدا قىسقا مۇددەتلىك، ئاددى، ئەمما ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان يېنىك خىزمەتلەرنى كۆپ قىلىش تەشكىلاتنىڭ سۈرئىتىنى تېزلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، قوللىغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى مەقسەت قىلىنغان بەزى چوڭ يىغىنلارنى چاقىرىشنىڭ ئورنىغا، رايوننىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن تەركىپ تاپقان 3 ـ 4 كىشىلىك سۆھبەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، نۇقتىلىق شەخسلەرنى بىۋاستە زىيارەت قىلىپ، تەشكىلاتنىڭ قىلغان ۋە قىلماقچى بولغان خىزمەتلىرى شۇنداقلا غايە ـ نىشانلىرىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈشنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. شۇڭا مانا ئەردوغانمۇ ھەر قېتىملىق نۇتقىدا پارتىيە ياشلىرىنى ئۆيمۇ ـ ئۆي زىيارەتكە بېرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە چاقىرىق قىلىپ كەلمەكتە.

## 6 - ۋاسىتە، ئىمكانىيەتلەرنى توغرا ئىشلىتىش

تەشكىلاتنىڭ قول ئىلكىدىكى بارلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە قىممەتلىك بولغىنى ۋاقىتتۇر. ۋاقىتنىڭ نەقەدەر قىممەتلىكلىكى ھەممىمىزنىڭ كاللىسىدا ئايان بولغان ئۇقۇم، ئەمما بىلگەن ئۇقۇمغا كۆرە بۇنىڭغا بولغان ھوشيارلىق، سەگەكلىك يەنىلا يېتەرسىز. ئەگەر تەشكىلات رەھبىرى ۋە ئەزالىرىدا ۋاقىتنى قەدىرلەش ئېڭى يېتىلدۈرۈلگەنلا بولسا، ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغان ئۈنۈملۈك تەشكىلاتقا ئايلىنىدۇ.

شۇمۇ بىر ھەقىقەتكى ۋاقىت ئىسراپ بولمايدىغان ئەھۋال قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، بىز پەقەت ئامالىنىڭ يېتىشىچە ئىسراپ بولۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ غېمىنى قىلالىساقلا، بۇ ئۇتۇققا قاراپ تۇنجى قەدەمنى تاشلىغانلىقىمىز بولىدۇ. شۇڭا ۋاقىتنى ئەڭ ياخشى ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، يوللىرىنى ئىزدىشىمىز لازىم.

بۇ ھەقتە مۇتەخسىسلەر بىر قانچە تۈرلۈك چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مەن شۇلاردىن ئەڭ ئاساسلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

مەيلى كىچىك مەيلى چوڭ، قانداق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، خۇددى ئىقتىسادىي كىرىم - چىقىمنى دەپتەرگە يېزىپ ماڭغانغا ئوخشاش ۋاقىتنىمۇ دەپتەرگە يېزىپ مېڭىشىمىز لازىم. يەنى ئاللاھ بىزگە بىر ھەپتىدە 168 سائەت ۋاقىت ئاتا قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ھېساب دەپتىرىمىزگە بىر ياندىن كىرىپ بىر ياندىن چىقىپ كېتىدۇ. بىز ئىقتىسادىي كىرىم - چىقىمنىمۇ يېپىدىن يېڭىنىسىغىچە ھېسابلاپ تۇرىمىز، ئەمما پۇلدىنمۇ قىممەتلىك بولغان ۋاقىتنى ئۇنداق ھېسابلاپ ئولتۇرمايمىز. تەشكىلاتتىكى ھەر بىر كىشى ئالدى بىلەن بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتىشى ۋە ۋاقىت ئۇچۇنىمۇ بىر كىرىم-چىقىم جەدۋىلى تۇتۇشقا ئادەتلىنىشى لازىم.

مەسىلەن، ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان جەدۋەل تۇتۇپ، كىرىم قىسمىنى ھەپتە، كۈن ۋە سائەت بويىچە 3 بۆلۈمچىگە ئايرىمىز. چىقىم قىسمىغا بولسا سائەت بويىچە تولدۇرۇلىدىغان جەدۋەل تۈزۈپ شۇ سائەتنىڭ قەيەرگە ۋە نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى يېزىپ تولدۇرىمىز. ئاخىرىدا قارايدىغان بولساق، ۋاقتىمىزنىڭ قانچىلىك قىسمىنىڭ ھەرىكەتنى تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە قانچىلىك قىسمىنىڭ پايدىسىز ئىشلارغا ئىشلىتىلگەنلىكى، بولۇپمۇ ئېغىزلاردىن چۈشمەيدىغان «ۋاقتىم يوق قىلالمىدىم» دېگەن گەپنىڭ نەقەدەر يالغانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ.

دېمەك، خەلققە يېتەكچىلىك قىلىشتەك مۇھىم ۋەزىپىسى بولغان تەشكىلات ۋاقىت مەسىلىسىدە تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇشى لازىم. تەشكىلات ئەزالىرى ھەر كۈنى «پالانى سائەتتە نېمە قىلدىم؟» دېگەن سوئاللانى بويلاپ ئۆزىدىن ھېساب سوراشنى ئادەتلەندۇرۇشى، ۋاقىتنىڭ قەيەرگە كۆپ قەيەرگە ئاز ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى داۋاملىق ھېسابلاپ تۇرۇشى لازىم. بۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ۋاقىتنى ئىسراپ بولۇشتىن ساقلاپ قالغىلى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

# 7 ـ ئادەم كۈچى

ھەر قانداق پائال ئۇنۇملۇك تەشكىلاتقا نىسبەتەن ۋاقىتتىن قالسىلا ئەڭ چوڭ بايلىق ۋە ئەڭ قىممەتلىك مەبلەغ ئادەم كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئىنسان بىلەن ۋاقىت بىر پۈتۈن، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاخىرقى تىنىقىنى ئۈزگەندە ۋاقىتمۇ ئاخىرلاشقان بولىدۇ. دېمەك، ھەرىكەتكە تەۋە ۋاقىت ۋە ھەرىكەتكە سۇنۇلغان پۇرسەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئىنسان كۈچى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

يامان يېرى تەشكىلاتنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئىنسان كۈچى بىر- بىرىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. مىجەز-خاراكتېر، تالانت ـ ئىقتىدار، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ھېس ـ تۇيغۇ، ئىستىتىكا، سۆيگۈ ۋە نەپرەت جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىپ تۇرۇشى بىلەن ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنىڭ ئىزھارى ھېسابلىنىدىغان ئىنسانلار بەزىدە بىزنى «بۇ ئىنسان دېگەن بىلەن بىرلىشىپ ئىش قىلىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس» دەيدىغان يەرگىمۇ ئەكىلىپ قويىدۇ. بىراق ئاللاھنىڭ چەكسىز ئىلىم ـ ھېكمىتىنىڭ سىرى يەنە شۇ يەردىكى، ئاللاھ ئائىلە، جەمئىيەت، مىللەت ۋە دۆلەتلەر دائىرىسىدە ئوخشاش بولمىغان تەقەززا ۋە ئېھتىياجلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئورتاقلىقنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق بۇ خىلمۇخىل ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ، بىرلەشتۈرۈپ تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

مەيلى ئىسلامىي مەيلى غەيرى ئىسلامىي دۇنيادىكى پۈتۈن چوڭ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم سەرمايىسى ۋە بىردىنبىر خىتاب ئوبيېكتى ئىنساندىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا ئىنسانلاردىن تەشكىل تاپقان ھەرقانداق تەشكىلاتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلانغانچە بۇ تەشكىلاتقا باغلىنىشلىق ۋە باغلىنىشسىز پۈتۈن ئەتراپتىكىلەرنى تەربىيەلەش، نەپسىنى تەزكىيە قىلىش يەنى ئېڭىنى تازىلاش ۋە ئويغىتىش، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن توغرا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. دېمەك ئىنسان ياخشى بولغاندا، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سۈپىتى ئاشقاندا ئاندىن ئۇنۇمىمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇڭا سۈپەتلىك ئىنسان پەيدا قىلىش ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپە قاتارىدا تۇرۇشى لازىم.

مانا بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئەگەر تەشكىلاتتىكى ۋە ئەتراپىدىكى ئىنسانلار ھازىرمۇ 10 يىلنىڭ ئالدىدىكى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدە تۇرىۋاتقان بولسا، تەشكىلاتنىڭ يېتەكلىگۈچىسىنىڭ پائالىيەت سەۋىيەسىمۇ 10 يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن پەرقلەنمىگەن بولسا، بۇنىڭ مەنىسى «تەشكىلات 10 يىلنىڭ ئالدىدا تۇرغان يېرىدە تۇرىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. تەشكىلاتنىڭ نەپسىنى تەزكىيە قىلىش يەنى ئېڭىنى تازىلاش ۋە ئويغىتىشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغانلىقىنى، يەنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىسى ۋە ئۈلگىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامىي ھەرىكەت مېتودىنىڭ ئىجرا قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. (بۇ ھەرگىزمۇ تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ يېڭى دىپلوما ئېلىشى بىلەن ئەمەس، جەمئىيەتتىكى ئۈلگە بولۇش رولىنى قانچىلىك ياخشى جارى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدۇرغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ) بىز بۇنىڭدىن كىشىلىك تەربىيەنىڭ يەنى تەشكىلاتنىڭ ئىچكى - تاشقى تەربىيە پىروگراممىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنداقتا كىشى ئۆزىنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى قانداق تەربىيەلىشى لازىم؟ بۇ ئىنتايىن ئەتراپلىق توختالمىسا بولمايدىغان ئايرىم ئۇزۇن بىر تېما.

بۇيەردە پەقەت قابىللار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت مەركىزى نۇقتىغا پىكىرنى مەركەزلەشتۇردۇق. يەنى، ئېيتىلغىنىدەك قابىللار قوشۇنى ئۇچۇن ئالدى بىلەن قابىللار، تالانت ئىگىلىرى بولۇشى كېرەك. قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى بايقاش ۋە يېتىشتۇرۇش كېرەك. ئەمما ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ. ئەگەر بىرىنىڭ كەمچىلىكىگە ئېسىلىۋىلىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىنكار قىلىۋەتسەك، بىز زور زىيان تارتقان بولىمىز. ئەكسىچە ئارتۇقچىلىقلارغا دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۇرسەك ئۇ كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىغا شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن بولىمىز. بۇنىڭ ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايقىيالايدىغان بولۇشىمىز لازىم. ئىككىنچى قەدەمدە بايقالغان قابىلىيەتلەرنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. دېمەككى، پىچاق بىلىگەنسېرى ئىتتىكلەشكەنگە ئوخشاش، ئىقتىدار، قابىلىيەتلەرنىمۇ ماس ئۇسۇللار بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇمكىن. بۇنىڭ ئۇچۇن ئەلۋەتتە ئۆگىنىش، داۋاملىق ئۆگىنىشكە ئېھتىياجىمىز بار. ئۆگىنىش ئارقىلىق سەۋىيىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، ئۆزىمىزدە يوق بولغان نەرسىلەرنىمۇ بار قىلالايمىز.

زۇلمەت يوللىرىغا ئادالەت چىراقلىرىنى ياقالايمىز. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، جاناب ئاللاھ ئادىلدۇر. ھەرگىزمۇ ئۆز بەندىلىرىنى ئۆتەلمەيدىغان سىناقلارغا دۇچار قىلمايدۇ. ئەگەر بىز ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ ئىشغالىيىتىدىن ئىبارەت سىناققا دۇچ كەلگەن بولساق، ئەينى زاماندا يەنە بۇ سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە قىلىندۇق. پەقەت بۇ قۇدرىتىمىزنى تېخىچە بايقىيالمايۋاتىمىز. بۇمۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بىز ئۆگىنىشكە موھتاج. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرىدىغانلا بولساق، تەشكىلاتنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ماڭدۇرۇپ، كۆزلىگەن نىشانغا چوقۇم يېتەلەيدىغانلىقىمىزغا، قىيىن كۆرۈنۈۋاتقان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ.

قابىللار قوشۇنى بولغان ئىكەن، قابىللارغا خاس ئاكتىپلىق بولۇشىمۇ مۇھىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا تەشكىلاتتىكى ئەزالار بىر جان بىر تەندەك ئۇيۇشۇپ، ئىش قىلىشتا ئەڭ ئالدىدا تۇرۇشى لازىم. خەندەك غازىتىدا ھەمراھلىرى بىلەن مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ، تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەر ئىشتا ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ كېلىدىغانلىقى بىز ئۇچۇن ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. شۇنداقتىمۇ يەنە ئامېرىكىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئەمەلىي ۋەقەنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

ئامېرىكىدا ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ كەتكەن، زىيان تارتىشقا باشلىغان بىر موتور زاۋۇتى بار ئىكەن، زاۋۇت ئىشچىلىرى كېسەللىك ۋە باشقا يالغان باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئىشتىن قاچىدىكەن، ئىشچىلارنىڭ ئىشقا تولۇق كېلىش

نىسبىتى 60% ئەتراپىدا ئىكەن. ياپونىيەنىڭ تويوتا شىركىتى بۇ زاۋۇتنى سېتىۋېلىپ، بىرىنچى بولۇپ زاۋۇتنىڭ تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپتۇ. مەسئۇللار بىلەن ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش ئاشخانىدا تاماق يەيدىغان قىپتۇ. مۇنچا، خالا ئايرىم بولىدىغان ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئىشچىلار ناشتىلىق ئېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتكە قارىسا، تويوتا شىركىتى خوجايىنىنىڭ ئوغلىمۇ ئىشچىلار بىلەن ئوخشاش ئۆچىرەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا زاۋۇتنىڭ كىرىمى ئىككى ھەسسە ئېشىپتۇ. ئىشچىلارنىڭ ئىشقا كېلىش نىسبىتىمۇ 95% كە يېتىپتۇ.

يەنە بىر مۇھىم ئىش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاش. تەپتىش ۋە نازارەتچىلەر ھەيئىتى، خىزمەتلەرنى ئەستايىل تەكشۈرۈپ، قەيەردە خاتا كەتكەنلىكى ھەققىدە مەخسۇس دوكلات تەييارلايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئىسلاھات ۋە تۈزىتىش قەدەملىرى تاشلىنىدۇ. بۇنداق ئىچكى ئىسلاھاتتا تەشكىلات مەسئۇلىنىڭ ئىشى ھەرگىزمۇ «سەن نېمىشقا بۇنى بۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سوئال-سوراق قىلىش بولماسلىقى لازىم. بۇنداق قىلىش پەقەتلا تەپتىشنىڭ ئىشى، رەھبەر بولسا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ قابىلىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىش، ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئۇلاردىكى خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇشى لازىم. رەھبەر بولغان كىشى ئەگەر ئىخلاس، مېھرى - شەپقەت ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغانلا بولسا، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئاخىرىدا خاتىمىسى ئورنىدا بىر قانچە مۇھىم ئىشنىمۇ تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1 - ئىجتىھات قابىلىيىتى پەيدا قىلىش

چۈنكى ئىسلامىي ھەرىكەت ئاساسىدا ئالغا ئىلگىرىلەتمەكچى بولۇۋاتقان ۋەتەن دەۋايىمىز ھەر كۈنى يېڭى-يېڭى ئەھۋاللارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. يېڭى ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىمىز، يېڭى مۇھىت، يېڭى ۋەزىيەتلەرگە دۇچ كېلىمىز. سەپكە يېڭى ئىنسانلار قېتىلىدۇ. يېڭى قەدەملەرنى تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك مەسئۇللىرىدا ئىجتىھاد قىلىش جاسارىتى بولمىسا، تەشكىلات ئاخىرى مەلۇم نۇقتىدا توختاپ قالىدىغان ئىشقا دۇچار بولىدۇ.

ئەمدى ئىجتىھاد دېگەن نېمە؟ دېسەك، دۇچ كەلگەن يېڭى ھالەت ۋە ۋەزىيەتلەرگە كۆرە، دەرھال يېڭى پوزىتسىيە بەلگىلەپ چىقىش ھەمدە كېتىپ بارغان يولدا تېزدىن بۇرۇلۇش پەيدا قىلىپ، يېڭى قەدەملەرنى تاشلاش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئەنئەنىۋىي شەكىلدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئەمما ھەرىكەتكە پايدىسى بولمايۋاتقان ئىشلاردىن دەرھال ۋاز كېچىش جاسارىتى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئادەتلەنگەن كونا ئىشلاردىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدىغان، پايدىسىز بولسىمۇ كىچىك-كىچىك ئىشلاردا چىڭ- تىرىنىقى بىلەن چىڭ تۇرىۋالىدىغان خاراكتېرگە

www.uyghurkitap.com

ئىگە. ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە ئۆزىگە نىسبەتەن قىممەتلىك ۋە سۆيۈملۈك بولغان نەرسىنى مەھكەم تۇتىۋالىدىغان، مەھكەم ساقلايدىغان ئادەت بار. بىراق ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك بولغان، يەنە نۇرغۇن يوللارنى باسمىسا بولمايدىغان تەشكىلات بولسا، يولدا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللارغا ئۇچرايدۇ، يېڭى بېكەتلەردە توختايدۇ. يېڭى-يېڭى مۇھىتلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قائىدە - پىرىنسىپ، قىممەت قاراشلىرىنى ۋەزىيەتكە كۆرە ئۆزگەرتەلمىسە، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ياساپ، يېڭى ۋەزىيەتلەرگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك سالاھىيىتى يېتىلمىگەن بولسا، توختىغان يېرىدە توختاپ قالىدۇ ۋە سەپەرنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ. شۇڭا ئىجتىھاد «يېڭىلىق يارىتىش روھى» كىشى، جەمئىيەت، مىللەت ۋە دۆلەتلەرگە نىسبەتەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ.

## 2 ـ رەھبەرلىك سالاھىيىتى

بۇ نۇقتىدا بىر كىچىك بالىنىڭ قۇشنى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتايىن ئۇ بالىنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە بېرىپ، تەزىيە بىلدۈرگەنلىكىنى قەتئىي ئۇنۇتماسلىق لازىم. چۈنكى بۇ كىچىك ۋەقە داھى ۋە رەھبەرلىكنىڭ ئەڭ كاتتا سىرى ۋە ئەڭ ئاددى چۈشىنىشلىك ئۆلچىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆزى يېتەكچى بولماقچى بولغان خەلقنىڭ ئۇزاق - يېقىن، كىچىك چوڭ ھەممە كىشىلىرى ۋە ھال - ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش، قىسقىسى دائىم شۇ خەلقنىڭ دەردىدە يېنىپ تۇرىدىغان بىر بىقارار يۈرەكنىڭ ئىگىسى بولۇش ئالەملەرنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى ۋە بىزگە قالدۇرغان ئەڭ كاتتا ئۈلگىلىك مىراسى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، رەھبەر بولىدىغان كىشى بارلىق ئىشلاردىن ئەنە شۇنداق تولۇق مەلۇماتلىق بولۇشقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بىرىنچى بولۇپ قەيەردە زادى نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىمىزنى، ئاندىن ئىش قىلماقچى بولغان يەردە مەيلى يېزا، مەيلى شەھەر، قانچىلىك كىشى بار؟ قانچىلىك ئەر قانچىلىك ئايال؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك مۇددەتكىچە قايسى دەۋەتنى قانداق قانات يايدۇرۇش لازىم؟ ئۇلارنى ئۆزىمىزگە تارتىش ۋە خىزمەتكە يارامىلىق ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؟ ۋە قاچانغىچە قىلىش كېرەك؟ دېگەنلەردىن ئېنىق خەۋەردار بولۇشى لازىم. رايوندىكى دۈشمەننىڭ تەسىرى، تەشۋىق ئۇسۇللىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئۇلارغا ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلار كىملەر؟ قايسى كوچىدا قانچىلىك تەسىرى بار؟ قانچىلىك دوختۇر، قانچىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا كەسپتىكىلەر بار؟ مانا بۇلار ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇلارنى بىلگەندىلا ئاندىن پىلانلىق بىر شەكىلدە رايوننىڭ يېتەكچىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىلى بولىدۇ. ياكى رايونغا يېتەكچى بولالايدىغان كىشىلەرنى بەلگىلەپ ئالدىنقى ئورۇنغا چىقارغىلى بولىدۇ. گېرمانىيەنىڭ 1970 ـ يىلىدا قەيسىرىنىڭ ئېتىقاد، پىكىر ۋە سەخسلەرنىڭ پىسخولوگىيەلىك ۋە سوتسىئولوگىيەلىك خەرىتىسىنى چىقىرىپ ئارخىپ تۇرغۇزۇپ بولغانلىقىنى مىسال كەلتۈرىمىز.

# 3 ـ جاۋابكارلىق تۇيغۇسى

ئۆز خەلقىگە باشلامچى ۋە يېتەكچى بولۇشتەك بۇنداق ئىغىر، مۇقەددەس ۋەزىپىگە ئاتلانغان كىشىلەرنىڭ جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئەڭ يۇقىرى پەللىدە بولۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەر بىر كىشى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە قارىتا (يەنى ئۆز تەۋەلىكىدىكى كىشىلەرگە قارىتا) جاۋابكاردۇر» (يالغۇز ئۆز ئەمىلىگىلا ئەمەس، تەۋەلىكىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىگىمۇ جاۋابكاردۇر) دېگەن ھەدىسىنى ھەر كۆرگىنىمىزدە پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز لەرزىگە كېلىپ، كۆزىمىزگە ئۇيقۇ كىرمەيدىغان بولالىشى لازىم. خۇددى خۇلافائىي راشىدىنغا ئوخشاش جاۋابكارلىق تۇيغۇسىنى ھەر ئەسلىگىنىدە پەريات چېكىپ يىغلايدىغان، «ئاھ قۇش بولۇپ كەتسەمچۇ؟! ئاھ كاشكى تۇپراق بولۇپ كەتسەمچۇ؟!» دەپ نالە قىلغاندەك، ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالايدىغان، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئەگەر فىرات دەرياسى بويىدا بىر ئۆچكە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى قىيامەت كۈنى مەندىن سورايدۇ» دەپ چاچراپ تۇرۇپ كېتىشلىرىنى ئويلىغىنىمىزدا، «مەن تۇرىۋاتقان زەيتۇنبۇرنىدىكى، شۇ سافاكۆيدىكى قېرىنداشلىرىمنىڭ ئەمەللىرىدىن مەنمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلىمەن، بۇلارغا ئەگەر مەن تونۇپ يەتكەن شۇ ھەقنى يەتكۈزمىسەم، ئۇلارنىمۇ شۇ مەزلۇم ئۈممەتنى خىتاينىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇقەددەس دىنىي ھەم مىللىي ۋەزىپىنى، بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتنى توغرا تونۇتۇپ، سەپكە قاتمىسام، يالغۇز بۇلارنىلا ئەمەس، ۋەتەندىكىلەرنىمۇ مۇشۇ سەپنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشمىسام، قىيامەتتە ئۇلارنىڭ قولى مېنىڭ ياقامدا بولىدۇ. ئۇلارغا قارىتا ئەڭ دەسلەپ مەن جاۋابكارلىققا تارتىلىمەن» دېگەننى تەسەۋۋۇر قىلىپ كېچىسى ئارامىدا ياتالمايدىغان، ئىچ-ئىچىدىن سىقىلىپ، تېپىرلاپ، ئۆي - ئۆي چېپىپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئېچىشقا تىرىشىدىغان بىر روھقا ئىگە بولۇشىمىز لازىم. مانا شۇنداق تىنىمسىز روھقا ئىگە بولغىنىمىزدا ئاندىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىشى ئالغا باسىدۇ، كۆزلىگىنىمىزدەك ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەمما بۇ روھنى تىرىك تۇتۇش، دائىم ھاياجانلاندۇرۇپ تۇرۇشمۇ ئاسان ئەمەس، ھەممە ئىشنىڭ بىر يولى، بىر ئۇسۇلى بولغانغا ئوخشاش مەسئۇلىيەت ئېڭىمىزنى، جاۋابكارلىق تۇيغۇمىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇشنىڭمۇ يوللىرى، بۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئوزۇقى بولىدۇ، ھەر كۈنى ئاشۇ مەنىۋى ئوزۇق بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئۇنى جانلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدىكى تۇيغۇلىرىنى ئۆيىگە بارغىنىدا يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «بۈگۈن مەن مۇناپىق بوپتىمەن، سۆھبەتتە باشقا ئۆيدە باشقا، ئىككى يۈزلۈك ئەبلەخ بوپتىمەن. خالايىق ھەنزەلە بۈگۈن مۇناپىق بوپتۇ» دەپ ۋارقىراپ كوچىغا چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، بىزنىڭمۇ ئۆز-ئۆزىمىزنى ھېسابقا تارتىپ تۇرۇشىمىزغا، كۈندىلىك ھېس - تۇيغۇ، ئوي-پىكىرلىرىمىزنى كۆزدىن

www.uyghurkitap.com

كەچۈرۈپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. جاۋاپكارلىق روھىمىزنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغىنىمىزدا ۋە: «پەيغەمبەرلەرمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ» دېگەن ئايەتلەرنى كۆرگىنىمىزدە، «ئاھ پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان يەردە مەنچۇ؟!» دېگەننى ئويلاپ، ئىچىۋاتقان ئېشىمىزنى يېرىمىدا تاشلاپ، دەرھال بىر قېرىندىشىمىزنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ «كەل قېرىندىشىم، بىر دەم بولسىمۇ بۇ تۆت كۈنلۈك دۇنيانى قويۇپ ئاخىرەت، ۋەتەن، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى سۆزلىشەيلى، نېمە قىلالايمىز بىرلىكتە ئويلىشايلى» دېيىشكە ئالدىرايدىغان بولالىشىمىزغا، جۈملىدىن ھەر كۈنى روھىمىزنى ئويغىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىلەن بىرگە مەلۇم شەكىلدە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن بىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم قىممەتلىك ساۋاقلارغا تولغان بىر ۋەقەنى ئەسلىتىش بىلەن سۆزۈمنى تۈگەتمەكچىمەن. بەلكىم ئوقۇغان بولۇشىڭلار مۇمكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ ھاللاردا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇرۇپ ئاڭلايتتى. بىر قېتىم يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرىۋېتىپ، «فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلَاءِ شَهِيدًا» (قېنى ئويلىغىنىكى، بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارغا سېنى گۇۋاھچى قىلىپ تۇرغۇزغان چېغىمىزدا قانداق بولماقچى؟) دېگەن يەرگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بولدى قىلغىن! ئى ئابدۇللاھ بولدى قىلغىن!» دەپ تۇۋلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك بىر زاتنىڭ قىيامەت كۈنى گۇۋاھلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا يۈرەك باغرى مۇمدەك ئېرىپ تارام - تارام ياشلىرى قويۇلۇپ كەتكەن يەردە، بىزنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تامچە ياش ئاققۇزغان ئىش ئۈچۈن بىز نەچچە كېچە ياش تۆكسەكمۇ ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى ئويلىشىمىز لازىم. بۇ ۋەقەنى ھەر قېتىم ئەسكە ئالغىنىمىزدا مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇلىرىمىز قايتىدىن جانلىنىپ، پائالىيەت روھىمىز ھەرىكەتكە ئۆتۈشى لازىم. ئىنشائاللاھ مانا مۇشۇنداق مەنىۋىي ئوزۇقتىن ئايرىلماي، ھەر كۈنى بىر قېتىم ئەسلەپ تۇرۇشنى ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش دەستۇرىمىزغا ئايلاندۇرغان چېغىمىزدا تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ خىزمەتلىرىمۇ كۈنسېرى ئالغا باسىدىغان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ئىنايىتىگە ئېرىشىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولىمىز. ئاللاھ تەشكىلاتلىرىمىزنى توختاق، ئۆلۈك تەشكىلاتقا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ، يالغۇز شەرقىي تۈركىستانغىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا چىراق ۋە مەشئەل بولالايدىغان سالاھىيەت ئاتا قىلسۇن. ئامىن! ■



# ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئىمامى ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى

مۇھەممەد پازىل

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى ۋە توغرا يولى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئەقىدە تېمىسىنى ئېنىقسىز، تۇتۇق ھالدا قويغان ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى دىنلارغا قارىغاندا بۇ جەھەتكە يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەن. چۈنكى ئەقىدە ئۇلۇغۋار جەمئىيەت، ئۈلگىلىك مەدەنىيەت ۋە گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسى ئىدى. جانابى پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۆزى بىر قوللۇق يېتىشتۈرۈپ چىققان ساھابىلىرىنىڭ دەۋرىدە ئىسلام ئەقىدىلىرى ھەرقانداق ئارىلاشمىدىن پاك ۋە سۈزۈك ئىدى. ئەھۋال شۇنداق داۋاملىشىپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە دىندا پىتنىلەر يۈز بېرىپ ھەرخىل قاراشلار، بىدئەت ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلەر پەيدا بولدى. بۇنىڭ ئارقىسىدا ئىسلام ئۇممىتى باشقا ئۇممەتلەرگە ئوخشاش گۇرۇھ-پىرقىلەرگە، تائىپەلەرگە بۆلۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى روشەن ھەقتە، توغرا يولدا دەپ دەۋا قىلىپ، ئۆزىگە قارشى پىكىردىكىلەرگە گاھى بىدئەتچى، پاسىق دەپ تون كىيدۈرسە، يەنە گاھىدا كاپىر دەپ تون كىيگۈزۈشەتتى. شۇ جەھەتتىن، توغرا ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر، ھەقنى قىدىرغۇچىلار ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ مۆتىۋەر ئىماملىرىغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك ئىدىكى، ئۇلارنىڭ كىتاب، سۆزلىرى ۋە تۇتقان يوللىرى ئارقىلىق مەزكۇر تائىپە-پىرقىلەر ئارىسىدىن ھەق تەرەپدارلىرىنى تاپقىلى، ياخشىسى بىلەن ناچىرىنى ئايرىغىلى بولاتتى.

ئەنە شۇ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ مۆتىۋەر، ئەڭ بۈيۈك ئىماملىرىدىن بىرى ئىمام ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدىدۇر.

مەلۇمكى، مۇھىتنىڭ ئىنسانلارغا چوڭ تەسىرى بولىدۇ. ئىنسانىيەت قاتلاملىرى ئىچىدە مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئالىملار بەكرەك ئۇچرىشى مۇمكىن،

چۈنكى ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا كۆپ باغلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆپ كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىگە قىزىقىپ ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىمام ماتۇرىدى ياشىغان دەۋر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىز زۆرۈر بولىدۇ.

## ئىمام ماتۇرىدىنىڭ دەۋرى

ئىمام ماتۇرىدى ھىجرىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، ـ4ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى بولمىش غەربىي تۈركىستاننىڭ سەمەرقەند شەھىرىدە ياشىغان. ئۇ چاغلاردا سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغان سامانىيلار خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىدى. ئەھلى سۈننەلەردىن ھېسابلىنىدىغان سامانىيلار خاندانلىقى ئىش-ئىزلىرى جەھەتتىن، ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەش جەھەتتىن ئەڭ ياخشى پادىشاھلاردىن بولۇپ، ھىجرىيە 261 ـ يىلىدىن ـ389يىلىغىچە خۇراسان ۋە ماۋارائۇننەھر ئەللىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ بېشى ئەسەد ئىبنى سامانىدىن تارتىپ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت بالىسىغىچە ھەممىسى خەلىپە مەئمۇننىڭ خىزمىتىدە ۋە ئۇنىڭ شۇ رايوندىكى ھاكىمى بولغان ئىدى.

ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى مۇشۇ دۆلەتنىڭ سايىسىدا سىياسىي جەھەتتىن تىنچ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە مۇقىمسىزلىقتىن خالىي بىر مۇھىتتا ياشىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ياشىغان مۇھىت ھەرخىل يۆنىلىش ۋە خىلمۇخىل مەزھەپلەردىن تەشكىل تاپقان مۇتەپەككۇرلار ۋە يېڭىلىق ياراتقۇچىلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ يەردىن ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمدەك كاتتا ئىلىم ئەھلىلىرى چىققان ئىدى.

ئۇ ياشىغان جەمئىيەتتە نۇرغۇن ساندا مۆتەزىلىلەر ھەم كەررامىيە، قەرمىتە ۋە جەھەمىيە پىرقىلىرى بار ئىدى. ماتۇرىدى يەنە مەنسۇر ھەللاجىدەك سوپىلارنىڭ چوڭى بىلەنمۇ زاماندىاش بولغان. ماتۇرىدىنىڭ شۇ دەۋردىكى مۆتەزىلە پىرقىسىنىڭ چوڭلىرىغا، كەررامىيلەر ۋە جەھەمىيەلەرگىمۇ بەرگەن رەددىيەلىرى بار. دېمەك بۇ ئۇنىڭ مۇھىتىدا شۇ خىل قاراشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە تارالغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ دەۋرىدىكى ئىلمىي ھالەتكە كەلسەك، ئىلىملەر ئالدىنقى دەۋرىكىدىنمۇ بەكرەك پىشىپ يېتىلگەن ئىدى. ئۇ دەۋرنىڭ ئالىملىرى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى تەرجىمانلار نەقىل قىلغان پەلسەپىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى شەرھلىگەن ئىدى. چېچىلىپ كەتكەن نەزەرىيەلەرنى رەتلىگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىلىم تارماقلىرىنىڭ ھەر بىرىدە ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرگە ۋارىس بولغان ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، زور ئىلمىي گۈللىنىش بارلىققا كېلىپ، ئىسلام مەملىكىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىلمىي مەركەزلەر كۆپەيگەنىدى. شۇڭا بۇ دەۋرنى ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ ئالتۇن دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. ئىلمى كالاممۇ فىقھىدىن مۇستەقىل بولۇشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدى. تەسەۋۋۇپ ئىلمى شۇ دەۋردىكى ئەڭ مۇھىم ۋە كۆپ ئۇتۇق قازانغان ئىلىم بولۇپ، شۇ زاماننىڭ ئەڭ كاتتا دىنىي كۈچلىرىنى ئۆزىگە قوشقان ھەمدە يەنە قۇرئان ۋە ھەدىس تەتقىقاتىغا يۈزلىنىشىمۇ كۈچلۈك ئىدى.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، ئۇ مەزگىللەردە ھىجرىيە 232 - يىلى خەلىپە مۆتەۋەككىلنىڭ قولىدا مۆتەزىلە ئېقىمى سىياسىي كۈچىدىن قالغان ئىدى. خەلىپە ئەھلى سۈننە تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارنى قوللاپ ئۇلاردىن خورلۇق، ئەزىيەتلەرنى بىكار قىلغان ئىدى.

مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر زاماندا كۆپلىگەن دىنلار، ھەرخىل ئېتىقادلار ۋە ئۆزىنى ئوچۇق ھەق ئۈستىدە دەپ دەۋا قىلىدىغان بىر-بىرىگە قارشى پىرقىلەر بولغان. بۇ ھال ئىمام ماتۇرىدىنىڭ دەۋرىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئۇ مەزھەپلەرنىڭ بەزىلىرى ئاشقۇنلۇق، بەزىسى سەل قاراش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.

ئەنە شۇ ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە ئەھلى سۈننەنىڭ قاراشلىرىنى قوغدايدىغان، مۆتەزىلىلەر ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى قوللاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئەقلىي قورالنى ئىشلىتىدىغان ئۈچ چوڭ ئىمامنىڭ زامانداش بولۇپ قېلىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئىمام ئەشئەرى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادتا مۆتەزىلە قاراشلىرىدىن يانغانلىقى ۋە ئەھلى سۈننەنىڭ قاراشلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلاپ ئوتتۇرىغا چىققان. شەرقنىڭ يىراق تەرىپىدىكى ماۋارائۇننەھر ئەللىرىدە ئىمام ماتۇرىدى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەھلى سۈننەنىڭ ئېتىقادلىرىنى قوغدىغان. ماتۇرىدى ئەھلى سۈننەنىڭ قاراشلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەقلىي دەلىللەرنى تۈزۈپ، ئەقىل ئارقىلىق ئەھلى سۈننىگە قارشى پىرقىلەرنىڭ دەلىللىرىنىڭ باتىللىقىنى ئىسپاتلىغان. مىسىردا بولسا، ئىمام ئەبۇ جەئفەر تاھاۋى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ بايانىنامىسىنى، ئەھلى سۈننە قاراشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى ئېلان قىلغان.

ماتۇرىدى ۋە ئەشئەرى ئەھلى سۈننە ئەقىدىسىنى ئەقىل ئارقىلىق قوغداشنى ئاساس قىلىدىغان ئىلمى كالامنىڭ ئاساسچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئىككىسى زامانداش بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئالاقە بارلىقى ياكى بىر-بىرلىرىنىڭ قاراشلىرىنى بىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانمىغان. گەرچە ئۇلار ئارىسىدا نىشان ۋە نىشانغا يېتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا ئورتاقلىق بولسىمۇ، ماتۇرىدىنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى ۋە مېتودى ئەشئەرىنىڭ ئۇسۇلىغا بەزى تەرەپلەردە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، مۇشۇ تەرەپلەر ئۇنىڭ يولىنى ئەشئەرىنىڭ يولىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئىمام ماتۇرىدىنىڭ شەخسىي ھاياتى توغرىسىدا ئۇنىڭ، دادىسىنىڭ ۋە بوۋىسىنىڭ ئىسمىدىن باشقا نەرسىنى تاپالمايمىز. يەنى مۇشۇنچىۋالا زور ئالىم ئىمام ھەققىدە ئىنتايىن بېخىللارچە مەلۇمات بېرىلگەن. ۋاھالەنكى ئۇ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە ياردەم بېرىشتە ئەشئەرىنىڭ ئالدىدا ئىدى. بىز تارىخچىلارنىڭ ۋە تەرجىمىھال كىتابلىرىنىڭ ئىمام ئەشئەرىنىڭ ھاياتى، خۇسۇسىيەتلىرى ھەتتا كۆرگەن چۈشىگىچە بايان قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەمما تولىمۇ ئەپسۇس، كۆپلىگەن تارىخچىلار ماتۇرىدىغا كەلگەندە بىپەرۋالىق قىلغان، شۇنداقلا ئېقىم ۋە مەزھەپلەر تونۇشتۇرۇلغان كىتابلاردىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. ھەتتا ھەنەفى ئالىملارمۇ بۇ تەرەپكە سەل قارىغان.

قەدىمكى تارىخچىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەسلىكىدىكى سەۋەبلەر مۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

1) ماتۇرىدىنىڭ خەلىپىلىك پايتەختى باغدادتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىراق بولۇشى. بۇ مۇھىم سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا يەنە ماتۇرىدى مەزھىپى ئالىملىرىنىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىنىڭ سىرتىغا يۆتكەلمەسلىكى.

2) دەسلەپكى چاغلىرىدا ماتۇرىدى مەزھىپى ئەشئەرى مەزھىپىگە ئوخشاش سىياسىي كۈچنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە ئوسمانىيلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن.

3) فىقھىي مەزھەپلەر ئەقىدىۋى قاراشلارنى تارقىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان بولۇپ، ئەشئەرى مەزھىپىگە مالىكىي ۋە شافىئىيلاردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپ ياردەم بەرگەن. ھالبۇكى ماتۇرىدى قاراشلىرى ھەنەفى مەزھىپى ئالىملىرىنىڭ تۈرتكىسىدە تارقىغان.

4) ئەشئەرىنىڭ باقىللانى، جۇۋەينى ۋە غەزالىدەك ئەگەشكۈچىلىرى خىلاپەت مەركىزىدە تۇرغان بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرخىل جايلىرىدىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئۇلارغا شاگىرت بولغان ئىدى. ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتىپ ئاشۇ قاراشلارنى تارقاتقان ئىدى. ھالبۇكى ماتۇرىدىيلاردىن ئىبارەت ھەنەفى ئالىملىرىنىڭ ئۇنداق كۆپ ساندىكى شاگىرتلىرى بولمىغان.

5) ھەنەفىلەر قاتلىمى ھەققىدە كىتاب يېزىش كېچىككەن. چۈنكى بۇ ھەقتە يېزىلغان تۇنجى كىتاب ئابدۇلقادىر قۇرەشىينىڭ «**الجواهر المضية**» بولۇپ، ئۇ كىشى ھىجرىيە 775 ـ يىلى ۋاپات تاپقان.

## ئىمام ماتۇرىدىنىڭ ھاياتى

**تولۇق ئىسمى**

مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى ئەنسارى بولۇپ، ماتۇرىد سەمەرقەندتىكى بىر قىشلاقنىڭ نامى. گاھىدا ئۇ سەمەرقەندكىمۇ نىسبەت بېرىلىپ «ماتۇرىدى سەمەرقەندى» دېيىلىدۇ.

ئەنسارى دېيىلىشى: زۆبەيدى كىتابىدا بايان قىلغاندەك، ئۇنىڭ نەسەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيىدىن جاي بەرگەن ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىغا تۇتىشىدۇ. ئىمام سەنئانىنىڭ «نەسەبلەر» ناملىق كىتابىدىمۇ مۇشۇنى تەكىتلەيدىغان مەزمۇنلار بار.

## ئىلمىي ئۇنۋانلىرى

ئىمام ماتۇرىدى كۆپلىگەن ئىلمىي ئۇنۋانلار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇلاردىن:

- **امام الهدى** (توغرا يول ئىمامى)
- **ناصر السنة** (سۈننەتنىڭ ياردەمچىسى)
- **قامع البدعة** (بىدئەتنى قومۇرۇپ تاشلىغۇچى)
- **محيي الشريعة, قدوة أهل السنة والاهتداء، رافع أعلام السنة والجماعة إمام المتكلمين، مصحح عقائد المسلمين** (شەرىئەتنى تىرىلدۈرگۈچى، سۈننەت ۋە ھىدايەت ئەھلىنىڭ ئۈلگىسى، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگۈچى، كالامشۇناسلارنىڭ ئىمامى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى تۈزىگۈچى) قاتارلىقلار.

بۇ ناملار ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبىدىكى يۇقىرى ئورنىنى كۆرسىتىدۇ.

تەمىمىي مۇنداق دېگەن: «ئۇ تەڭتۇشلىرىنى بېسىپ چۈشكەن بولۇپ، زامان ئۇنىڭ بىلەن گۈزەللەشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەر ياققا تارقىلىپ ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىلەن مەسلەكداش بولسۇن ياكى بولمىسۇن ھەممىسى

ئۇنىڭ قەدرىنىڭ ئۇستۇنلۈكىگە، ئورنىنىڭ كاتتىلىقىغا، پاك نەسەبلىكىگە ئىتتىپاقلاشقان. ئۇ ھەقىقەتەن ئىلىمگە ئەگەشكىلى، يورۇق نۇرى بىلەن توغرا يول تاپقىلى بولىدىغان مۆتىۋەر ئالىملارنىڭ چوڭلىرىدىن ئىدى. شۇ جەھەتتىن ئۇ ئىماملارنىڭ نەزىرىدە «ئىمامۇلھۇدا» دەپ تونۇلغان بولۇپ، ئىلمى كالامنىڭ نەمۇنىسى ئىدى.»

## ماتۇرىدىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ۋاپاتى

تارىخىي مەنبەلەر ئۇنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ۋە ئائىلىسى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. لېكىن بىز ئۇنىڭ ئۇستازلىرىدىن ئىككى كىشىنىڭ ۋاپات بولغان تارىخىنى بىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى تەخمىنەن بىلەلەيمىز. ئۇ ئىككىسى بولسا، بىرى مۇھەممەد ئىبنى مۇقاتىل ئەلرازى. بۇ كىشى ھىجرىيە 284، مىلادىيە 862 - يىلى ۋاپات بولغان. يەنە بىرى نەسر ئىبنى يەھيا بەلخىي بولۇپ، ھىجرىيە 268 - يىلى، مىلادىيە 880 - يىلى ۋاپات تاپقان.

مانا بۇ ئىمام ماتۇرىدىنىڭ ھىجرىيە 248، مىلادىيە 862 - يىلىدىن بۇرۇن ئۇستازلىرىدىن ئىلىم ئالالىغۇدەك بىر مۇددەتتە تۇغۇلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەلۇمكى، بالدۇر ئىلىم ئالغاندا 10 ياشتا ئىلىم ئېلىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا، ئۇ تەخمىنەن ھىجرىيە 238 - يىلى ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇتەۋەككىلنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە تۇغۇلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتى ھىجرىيە 232 - يىلىدىن 247 - يىلىغىچە، مىلادىيە 847 - يىلىدىن 861- يىلىغىچە بولغان.

تارىخىي مەنبەلەر ئۇنىڭ ھىجرىيە 333 - يىلى ۋاپات بولغانلىقىغا بىرلەشكەن. ئەمما تۈرك تارىخچى تاش كۆپرىزادە يۇقىرىقى يىلنامىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 336 - يىلى ئۆلگەن دەپمۇ رىۋايەت بارلىقىنى تىلغا ئالغان. ئىمام ماتۇرىدى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن زاماندا بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ۋاپات بولغان يىللىرى يېقىن. بۇغراخاننىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھىجرىيە 344 - يىلىدۇر.

## ئىمام ماتۇرىدىنىڭ ئىلمىي ھاياتى

ئىمام ماتۇرىدىنىڭ تارىخىنى قىدىرىش ئارقىلىق شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئىمام ماتۇرىدى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىلمىي سورۇنلارغا بارغان بولۇپ، «ئەھلى سۈننە فۇقەھالىرىنىڭ تۇنجى كالامشۇناسى» دەپ سانىلىدىغان ئەڭ چوڭ فەقىھ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پىكىرلىرى، كۆز قاراشلىرى ۋە ئەقىدىسىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭىدىغان، ئۇنىڭ مەزھىپىنى ئۆزلىرىنىڭ مەزھىپى قىلغان شۇ دەۋرنىڭ چوڭ ئىماملىرىدا ئوقۇپ فەقىھ بولغان.

زۇبەيدى كىتابىدا ئېيتقانىدەك، «ماتۇرىدى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ مەزھىپىنى تەپسىلىي بايان قىلغۇچى، ئەھلى سۈننەنىڭ مەزھىپىنى ئەشئەرىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغۇچى» دەپ سانىلىدۇ.

## ماتۇرىدىنىڭ ئۇستازلىرى

ئىمام ماتۇرىدى ھەرخىل ئىلىملەردە نامى چىققان كاتتا ئالىملاردىن ئىلىم ئالغان. ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە نۇئمان ئىبنى سابىتنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ شاگىرتلىرى بولغانلاردۇر.

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەبۇ نەسر ئەھمەد ئىبنى ئاببا‌س ئەلئىيازى. سەمەرقەندتە ياشىغان فەقىھ كىشىدۇر.

2 ـ ئەبۇ بەكرى ئەھمەد ئىبنى ئىسھاق جۇزجانى. بۇ كىشى ئەقىدە ئىلمى بىلەن فىقھى ئىلمىنى ئۆزىدە بىرلەشتۈرگەن ۋە تۈرلۈك ئىلىملەردە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. ئۇنىڭدىن ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭ **«الفرق والتمييز»**، **«التوبة»** قاتارلىق كىتابلىرى بار. بۇ زات ئەبۇ سۇلايمان جۇزجانىدىن، ئەبۇ سۇلايمان جۇزجانى بولسا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىدىن فىقھى ئۆگەنگەن.

3 ـ مۇھەممەد ئىبنى قاتىل ئەلرازى. بۇ زات رەينىڭ قازىسى بولغان. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىنىڭ شاگىرتلىرىدىندۇر. زەھەبى ئۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ئۇ ۋەكىدىن ۋە ۋەكىنىڭ قاتلىمىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

4 ـ نەسر ئىبنى يەھيا بەلخىي. «نەسر بەلخىي»مۇ دېيىلىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىنىڭ شاگىرتى ئەبۇ سۇلايمان جۇزجانىنىڭ قولىدا فەقىھ بولغان. ئۇنىڭدىن ئەبۇ ئىتاب بەلخىي ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھىجرىيە 268-يىلى ۋاپات بولغان.

## ماتۇرىدىنىڭ شاگىرتلىرى

ئىمام ماتۇرىدىنىڭ نۇرغۇنلىغان شاگىرتلىرى بولغان. ئۇلاردىن:

**1 ـ ھەكىم ئىسھاق ئىبنى مۇھەممەد سەمەرقەندىي**

بۇ كىشى ماتۇرىدىنىڭ ئەڭ يىرىك شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل سەمەرقەندنىڭ قازىسى بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆپ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان بولۇپ، ھېكمەت ۋە نەسىھەتلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ھەكىم دەپ ئاتالغان. 342 ـ يىلى ئاشۇرا كۈنى سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان ۋە چوكاردىزا قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. **«السواد الأعظم»**، **«الإيمان»** دەپ كىتابلىرى بار.

**2 ـ ئابدۇلھەكىم ئىبنى مۇسا بەزدەۋىي**

بۇ كىشى ئىمام ماتۇرىدىدا ئوقۇپ فەقىھ بولغان، ھەدىس ئاڭلىغان ۋە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇسۇل فىقھى ھەققىدىكى **«كنز الوصول إلى علم الأصول»** ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى فەخرۇلئىسلام بەزدەۋىينىڭ بوۋىسىدۇر. ھىجرىيە 390 ـ يىلى رامىزاندا ۋاپات بولغان.

**3 ـ ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي**

تولۇق ئىسمى نەسر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بولۇپ، سەمەرقەندلىك ھەنەفى فەقىھ. ئۆز دەۋرىدە ئىمامۇلھۇدا دەپ ئاتالغان. فەقىھ ئەبۇ جەئفەر ھىندەۋانىيدا فىقھى ئۆگەنگەن. سەمئانى ئۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەبۇللەيس ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ فۇقەھا ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولۇپ، بەس-مۇنازىرە بىلەن مەشھۇر بولغان». ياقۇت ھەمەۋى مۇنداق دېگەن: «مۇنازىرىگە ئۇستا ھەنەفى فەقىھلىرىدىن ئىدى». ئۇ پايدىسىز دە-تالاشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتاتتى، مەسىلەن، قۇرئان مەخلۇق دېگەن مەسىلىدە مۇنداق دېگەن: «قۇرئان مەخلۇق ياكى ئەمەس دەپ ئولتۇرماي، بۇنداق مەسىلىدە دە-تالاش قىلمىغان تۈزۈك. چۈنكى ئۇ ھەقتە مۇنازىرىلىشىش قېيىن ئىش، دۇنيالىقنىڭ ۋە ئاخىرەتلىكنىڭ ئۈچۈن سۈكۈت قىلىش ياخشىراق». ئەبۇللەيس چوڭ ئىماملاردىن بولۇپ، **«الأقوال المفيدة**

والتصانيف المشهورة» ناملىق كىتابىنىڭ ساھىبى. ئۇنىڭ تەپسىر ھەققىدە تفسير القر ن (تۆت توم)، فىقھى ھەققىدە «النوازل»، «خزانة الفقه»، «تنبيه الغافلين»، «بستان العارفين»[1]، «عيون المسائل»، «تأسيس النظائر»، «مقدمة الصلاة»، «الفتاوى»، «دقائق الأخبار في ذكر الجنة والنار» قاتارلىق كىتابلىرى بار. ھىجرىيە 373 ـ يىلى جامادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى سەيشەنبە كەچتە ۋاپات تاپقان. زەھەبى ئۇنىڭ ۋاپات بولغان يىلىنى 375 دەپ كۆرسەتكەن.

نەزەر سالىدىغان بولساق، ماتۇرىدىنىڭ كۆپىنچە شاگىرتلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى فىقھى تەرەپكە كۆپرەك چوڭقۇرلىغان بولۇپ، كالامىي تەرەپ ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمىگەن. ئۇلار ئۇستازىنىڭ قاراشلىرىنى چوڭقۇر قازمىغان بولۇپ، ئۇستازىنىڭ يېزىپ قويغانلىرى بىلەن كۇپايىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئەقىدە جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى نۇقۇل قىسقىغىنە ئىزاھلار ياكى يەككە مەسىلىلەر بولغان.

## ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ماتۇرىدى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ماتۇرىدى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ھەنەفى مەزھىبىنىڭ چوڭ ئالىملىرىدا تەربىيەلىنىپ چىققان ۋە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ فىقھىي قاراشلىرىغا ئەگەشكەن. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ كالامىي قاراشلىرىمۇ بار ئىدى. ئىمام بەيازى دېگەندەك، ماتۇرىدى بىر مەزھەپنىڭ ئىجادچىسى ئەمەس، بەلكى ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ مەزھىبىنى كەڭ تۈستە بايان قىلغۇچىمۇ؟

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ ھەنىفە ئىلىم ئوقۇشنى باشلىغاندا ئىلمى كالام ھەققىدە ئىزدەنگەن ۋە بارماق بىلەن سانىغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى چەككە يەتكەن ھەم ئۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلغان. بىر زامان شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن بەسرەگىمۇ كىرگەن. چۈنكى ئۇ يەردە كۆپ پىرقىلەر بار ئىدى، ئاندىن شۇ پىرقىلەر بىلەن تالاش-تارتىش قىلغان. ئىلمى كالام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بولغاچقا، ئەبۇ ھەنىفە بۇ ئىلىمنى ھەممە ئىلىمدىن ئارتۇق كۆرگەن. كېيىن ئۇنى تاشلاپ فىقھى ئىلمىگە بېرىلىپ كەتكەن. ئەبۇ ھەنىفە ئىلمى كالام توغرىسىدا بەزى رىسالىلەرنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلار: «الفقه الأكبر»، «الفقه الأبسط»، «العالم والمتعلم»، «الرسالة الى عثمان البتي»، «الوصية» قاتارلىقلار. بۇ كىتابلارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ئۇنىڭدا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئىلمى كالام ھەققىدىكى سۆزلىرى ئاز بولغان بولۇپ، سۈننى ئىلمى كالام — يەنى ئەھلى سۈننىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاشنى ئاساس قىلغان ئىلىم — نى قۇرۇپ چىقىشقا يەتمەيدۇ، بەلكى بۇ ئۇنىڭ ئىلمى كالامنى تۇنجى بولۇپ قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشى ھېسابلىنىدۇ.

كەررامىيە ۋە باتىنىيەگە ئوخشاش پىرقىلەر ئەبۇ ھەنىفەدىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇلارغا رەددىيەلەرنى ماتۇرىدى بەرگەن. ئىلمى كالامدىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەۋرىدە يوق بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىلمى كالام تېخى

(1) ئەبۇللەيس سەمەرقەندىنىڭ «بوستانۇلئارىفىن» ناملىق كىتابى ئابدۇلجېلىل تۇران تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان.

تولۇقلانمىغان. بۇنىڭ ھەممىسى ماتۇرىدىنىڭ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ يولىنى نۇقۇل شەرھلىگۈچى ۋە بايان قىلغۇچى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ مۇستەقىل بىر مېتود ۋە ئۆزىگە خاس بىر مەزھەپ ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەنەفى مەزھىبىنىڭ فىقھى تەرىپى ئەبۇ ھەنىفەگە ئائىت بولسا، ھەنەفى مەزھىبىدىكى كالامىي تەرەپ ماتۇرىدىگە ئائىتتۇر. بۇ ھال ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ماتۇرىدى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈچلۈكتۇر. ماتۇرىدى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قاراشلىرىنى ھەممىدىن بەكرەك بىلگەن ۋە چوڭقۇرلىغان كىشى بولۇپ، ھەتتا ئەبۇلمۇئىن نەسەفى ئەبۇ ھەنىفەدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەردە ئۇنى ھۆججەت قىلغان. ئەلۋەتتە، ماتۇرىدى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مۇخالىپەتچىلەرگە بەرگەن بەزى رەددىيەلىرىدىن پايدىلانغان.

خۇلاسە كالام، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەھلى سۈننىنىڭ ئېتىقادى بويىچە بىر كالامىي مەزھەپ قۇرۇشقا تۈنجى قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرۈش تۆھپىسى بار بولسا، ماتۇرىدىنىڭ ئەھلى سۈننە ئېتىقادىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، پاكىت ۋە ھۆججەتلەر بىلەن كۈچەيگەن مۇكەممەل بىر مەزھەپ قۇرۇپ چىقىش تۆھپىسى بار.

## ماتۇرىدىنىڭ بىلىم ساپاسى

بىز ماتۇرىدىنىڭ بىلىم ساپاسىنى ئۇ ھاسىل قىلغان تۈرلۈك ئىلىملەر ۋە يازغان كىتابلىرى ئارقىلىق بىلەلىشىمىز مۇمكىن. ماتۇرىدى ھەنەفى مەزھىبىنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن تەلىم ئالغان بولۇپ، ئۇلاردىن فىقھى، ئۇسۇل ۋە ئەقىدە ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئاندىن كېيىن ئىلىمگە ئىچكىرىلەپ كىرىش، دەرس ئۆگىتىش ۋە كىتاب يېزىش خىزمەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن كىتابلىرى ئۇنىڭ بىلىم ساپاسىنىڭ نەقەدەر يۇكسەكلىكى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ھەرخىل بىلىملەرنى نەقەدەر پىششىق بىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ شەرىئەت بىلىملىرى بىلەن ھېكمەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«تەۋھىد» ناملىق كىتابى ماتۇرىدى قازانغان كەڭ دائىرىلىك ئەقلىي بىلىمگە دالالەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەڭ بىلىمى ئۆز ئېتىقادىنىڭ توغرىلىقىغا دەلىللەرنى ئەكىلىش، رەقىبلەرنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەقىل قورالى بىلەن بىتچىت قىلىشلاردا ئوچۇق گەۋدىلەنگەن. شۇنىڭدەك بۇ كىتاب ماتۇرىدىنىڭ مەيلى ئىسلامغا مەنسۇپ پىرقىلەر بولسۇن ياكى ئىسلامدىن تاشقىرى پىرقىلەر بولسۇن ئەھلى سۈننە ئېتىقادىغا قارشى پۈتۈن پىرقىلەرنىڭ قاراشلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتا رەددىيەلىرى بولۇپ، مانا بۇ ئۇنىڭ مەرىپىتىنىڭ كەڭرى، پىكرىنىڭ چوڭقۇر، مۇنازىرىدە ۋە رەقىبلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاشتا ناھايىتى ئۇستا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ خىل تالانت ئەقلىي بىلىملەردە ۋە ئەقلىي بىلىملەرنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى بىلىش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەنلەردىن بۆلەك كىشىلەرگە قولاي بولمايدۇ.

ماتۇرىدىنىڭ كەڭ بىلىم ساپاسى ئۇنىڭ «**تأويلات أهل السنة**» ناملىق كىتابىدىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇ كىتاب ئۇنىڭ دىن بىلىملىرى، تىل

بىلىملىرى ۋە ئەقلىي بىلىملىرىدىكى ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل خىزمەتنى ئۈستىگە ئالغان كىشىنىڭ زور ئىلمىي ئىستېداتى بار بولۇشى كېرەك ھەمدە شۇ ئىلىملەرنىڭ تۈرلۈك تارماقلىرىنى ھاسىل قىلغان بولۇشى كېرەك. تارىخچىلار ئېيتقاندەك، ماتۇرىدىنىڭ تەۋىل ھەققىدىكى بۇ ئەسىرىگە بۇ پەندىكى ھېچبىر ئەسەر تەڭداش بولالمايدۇ.

گەپنىڭ مېغىزى، ماتۇرىدى دىنىي ۋە ئەقلىي بىلىملەردە يۇقىرى شان-شەرەپ قازانغان. ئەبۇلمۇئىن نەسەفى مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭدا جۇغلانغان تۈرلۈك دىنىي ۋە ئەقلىي ئىلىملەر ئادەتتە ئىلىم تەھسىل قىلىپ داڭ قازانغانلارنىڭ كۆپىدە ھەرگىزمۇ جۇغلانمايدۇ.

## ئىمام ماتۇرىدىنىڭ ئەسەرلىرى

ئىمام ماتۇرىدى خىلمۇخىل ئىسلام بىلىملىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. لېكىن تولىمۇ ئەپسۇس، ئىسلام كىتابخانىلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، بىزگە پەقەت ناھايىتى ئازلىرى يېتىپ كېلەلىگەن.

**تەپسىر ھەققىدىكى كىتابلىرى:**

ئۇنىڭ تەپسىر ھەققىدە ساقلىنىپ قالغان بىر كىتابى بار، ئۇ بولسىمۇ «ت ۋيلات القر ن»دۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇشۇ پەندە يېزىلغان كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، بەلكى يېقىنمۇ يولىيالمايدۇ. بۇ كىتاب كۆپ نەشرىياتلار تەرىپىدىن «**تفسير القرآن العظيم المسمى تأويلات أهل السنة**» ۋە «**تفسير القرآن العظيم تفسير الماتريدي**» ناملىرىدا بىر نەچچە توملۇق قىلىپ بېسىلغان.

**ئىلمى كالام ھەققىدىكى كىتابلىرى:**

1 - «**كتاب التوحيد**»

بۇ كىتابنىڭ ئىبارىتى ئوڭاي بولۇپ، ئۇنىڭ ماتۇرىدىگە مەنسۇپلۇقى قەتئىيدۇر. ماتۇرىدى ئۇنىڭدا ئىلاھىيات ۋە پەيغەمبەرلىك توغرىسىدىكى كۆپلىگەن كالامىي مەسىلىلەرنى سۆزلىگەن ۋە مۆتەزىلىلەردىن بولغان كەئبىي بىلەن كۆپ مۇنازىرە قىلغان. بۇ ھەقتىكى باشقا كىتابلىرى بولسا:

**«بيان وهم المعتزلة»، «رد الأصول الخمسة لأبي الباهلي»، «رد الامامة لبعض الروافض»، «رد أوائل الأدلة للكعبي»، «رد التهذيب الجدل للكعبي»، «الرد على القرامطة»، «الرد على فروع القرامطة»، «رد وعيد الفساق»، «كتاب المقالات»، «الرد في أصول الدين»** قاتارلىقلار.

**ئۇنىڭ فىقھى ۋە ئۇسۇل فىقھى ھەققىدىكى كىتابلىرى:**

**«كتاب الجدل»، «مآخذ الشرائع»، «كتاب أصول الفقه»** قاتارلىقلار.

**ئىمام ماتۇرىدىگە نىسبەت بېرىلگەن كىتابلار**

1 - «**كتاب شرح الفقه الأكبر**»، بېسىلغان بار كىتاب.

2 - «**عقيدة الماتريدية**».

ماتۇرىدىنىڭ بىرەر كىتابىنى بۇ ئىسىم بىلەن يازغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. شافىئىي ئەقىدىسى، ئىمام ئەھمەد ئەقىدىسى توغرىسىدا بىرەر كىتاب بولغاندەك، ماتۇرىدىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەقىدىسى توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىلىپ ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

## ماتۇرىدى مېتودىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئىسلامنىڭ ئوتتۇراھاللىق يولىنى تۇتۇپ ماڭغان ئالىملاردىن شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىمام ماتۇرىدىنىڭ مېتودىنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: «(ماتۇرىدى) ئەقلى ئۆتكۈر، پىكرى چوڭقۇر ۋە دانا ئىدى. ئەشئەرى ھەردائىم مۆتەزىلىلەر بىلەن قارشىلىشىش، ئۇزۇن مۇنازىرىلىشىش ئىچىدە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى ۋە پىكىرلىرىگە گاھىدا ئاشقۇنلۇقتىن خالىي بولالمايدىغان نەرسىلەر كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەشئەرىيلەر ئىشنى تېخىمۇ يوغىنىتىپ، ئۇنىڭغا بىر قىسىم نەرسىلەرنى قوشۇپ قويغان ئىدى. ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسپاتلاش ھەم دەلىل تۇرغۇزۇش تەس بولغان، ئارتۇقچە زورۇقۇش ۋە ئارتۇقچە تەۋىلگە ئېھتىياجلىق بولغان بۇ نەرسىلەرنى يۇيۇپ تاشلىغان. ئىلمى كالامغا تۈزىتىش ۋە تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، نەتىجىدە ئىلمى كالام تېخىمۇ بەك ئوتتۇراھال ۋە راۋۇرۇس ھالغا كەلگەن».

### ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتۇش

ماتۇرىدى مېتودىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتۇش بولۇپ، ماتۇرىدى نەقىلنىڭ تۈۋرىدىلا تۇرۇۋېلىشنى ياكى ئەقىل جەھەتتە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنى خاتالىق دەپ قارايتتى. ئادىل پوزىتسىيە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇش دەپ ھېسابلايتتى. بۇ ئوتتۇراھال پوزىتسىيىسىگە ئاللاھنىڭ «بىز سىلەرنى ئوتتۇراھال ئۈممەت قىلدۇق» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئوتتۇراھاللىقنىڭ دىندىن ئىككى يۆلەنچۈكى بار، بىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھاللىق روھى بولۇپ، ئىسلام تەلىماتلىرى ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى لازىم تۇتۇشقا ئۈندەيدۇ. يەنە بىرى ئوتتۇراھاللىق روھى ئىسلامنىڭ ھەرخىل ساھەلىرىدىكى پۈتكۈل ئىدىيىسىدە ھۆكۈم سۈرگەن تەبىردۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە مۇنداق دەيدۇ: ماتۇرىدى قاراشلىرى بىلەن ئەشئەرى قاراشلىرىنى ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلغىنىمىزدا ئىككى ئىمامنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەپەككۇر يەكۈنىدە بىر پەرق بارلىقىنى كۆرىمىز. شەكسىزكى، ھەر ئىككىلىسى قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقىدىلەرنى ئەقىل ۋە لوگىكىلىق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. ھەر ئىككىلىسى قۇرئاننىڭ ئەقىدىلىرىگە باغلانغان. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە قارىغاندا ئەقىلگە كۆپرەك ھوقۇق بەرگەن، مەسىلەن: ئەشئەرىيلەر «ئاللاھنى تونۇش شەرىئەت بىلەن ۋاجىب» دەپ قارىسا، ماتۇرىدى - ئەبۇ ھەنىفەنىڭ يولىغا ئەگىشىپ تۇرۇپ - ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاجىبلىقىمۇ ئەقىل بىلەن بىلىنىدۇ (يەنى ئاللاھنى تونۇش ئەقىل بىلەن ۋاجىب) دەپ قارايدۇ.

ئەشئەرىيلەر «شەرىئەت ساھىبىدىن بۇيرۇق كەلمەيمۇ، شەيئىلەرنىڭ ئەقىل بىلەلەيدىغان ئەسلىي گۈزەللىكى بار» دەپ قارىمايدۇ، ماتۇرىدىيلەر «شەيئىلەرنىڭ ئەقلىمۇ بىلەلەيدىغان ئەسلىي گۈزەللىكى بار» دەپ قارايدۇ. كۆپلىگەن ئىختىلاپنى مۇشۇ يوسۇندا ئۇچرىتىمىز. شۇ جەھەتتىن، شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىزكى، ماتۇرىدىيلەرنىڭ مېتودىدا ھېچقانداق چەكتىنمۇ ئاشۇرۇۋەتمەستىن، كەممۇ قىلماستىن ئەقىلگە چوڭ ھوقۇق بېرىلگەن. ئەشئەرىيلەر نەقىل بىلەن چەكلەنگەن ۋە ئۇنى پېئىل بىلەن كۈچەيتكەن. بۇلارنى تەتقىق قىلغان كىشى «ئەشئەرىيلەر - مۆتەزىلە، ئەھلى فىقھى ۋە ئەھلى ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقتا؛ ماتۇرىدىيلەر - مۆتەزىلە بىلەن ئەشئەرىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقتا» دەپ يەكۈن چىقارغىلى تاس قالىدۇ.

ھەممىسىنىڭ ئەھلى ئىمان قاتارىدىن ئىكەنلىكىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. بۇ تۆت ئىسلامىي پىرقە ئەگەر تۆت بۆلەكلىك بىر مەيداندا تۇردى دېسەك، مۆتەزىلىلەر مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە، ئەھلى ھەدىس يەنە بىر تەرىپىدە تۇرغان. مۆتەزىلىلەرگە يېقىنراق بۆلەكتە ماتۇرىدىيلار تۇرغان، مۇھەددىسلەرگە يېقىنراق تۆتىنچى بۆلەكتە ئەشئەرىيلەر تۇرغان. ماتۇرىدى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئەقىلگە تايىنىدۇ، ئەقلى تەپەككۇرنى ۋاجىب دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا فەقىھ ۋە مۇھەددىسلەر قارشى پىكىردە تۇرغان بولۇپ، ئۇلار ئەقلىنىڭ تېپىلىپ ئېزىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، نەقىلگىلا تايىنىشنى، ھەقنى پەقەت نەقىلدىنلا ئىزدەشنى ۋاجىب دەپ قارايدۇ. ماتۇرىدى «تەۋھىد» كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «مانا بۇ شەيتاننىڭ ئويلىرى ۋە ۋەسۋەسىسىدۇر. ئەقىلنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئەقىلدىن باشقا ھېچبىر دەلىلى يوق. بۇ ئۇلارنى ئەقلىنىڭ زورۇرلۇكىگە قىستايدۇ. ئۇلار قانداقمۇ ئەقىلنى ئىنكار قىلالىسۇن؟ ھالبۇكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئەقىلنى ئىشلىتىشكە چاقىرغان، ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئويلىنىشقا بۇيرۇغان، ئۇلارنى ۋەز-نەسىھەت ئېلىشقا ۋە ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندىگەن تۇرسا! مانا بۇ-ئەقىل ۋە تەپەككۇرنىڭ ئىلىمنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە دەلىل».

بىز ئۇنىڭ ئەقىدە ئىلمىنى ھاسىل قىلىشتىكى ئىختىلاپىنىڭ توچكىسىنى بايان قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەقىدە ئىلمىنىڭ پەقەت نەقىلدىنلا ئىبارەت بىرلا مەنبەسى بارمۇ؟ ياكى نەقىلدىن باشقا ئەقىلدىن ئىبارەت يەنە بىر مەنبەسىمۇ بارمۇ؟ بىز ئۇنىڭ نەقىلمۇ مەنبە، ئەقىلمۇ ھەم مەنبە دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

ماتۇرىدى ئەقىلنىڭمۇ ئىلىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە، ئەقىلنىڭ ئېزىپ كېتىش خەۋپى بارلىقىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقۇشى ئۇنى مۇھەددىس ۋە فەقىھلەردەك ئەقىل ۋە تەپەككۇردىن چەكلەشكە ئېلىپ بارمىغان، بەلكى ئۇنى ئېھتىياتچان بولۇشقا، ئەقىل بىلەن بىرگە نەقىلگە تايىنىش ئارقىلىق خاتالىقتىن ساقلىنىشقا ئېلىپ بارغان. ماتۇرىدى مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بۇنى-يەنى ئەقىل ئىشىدا نەقىلگە تايانغان ئاساستا ئېھتىياتچان بولۇشنى- ئىنكار قىلسا، ئەقىلدىن يېپىق نەرسىلەرنىڭمۇ ماھىيىتىنى بىلىشنى ئىستىسە، پەيغەمبەرنىڭ ھېچبىر كۆرسەتمىسى يوق ھالدا ئۆزىنىڭ چەكلىك ۋە كەمتۈك ئەقلى بىلەن خۇدالىقنىڭ جىمى ھېكمەتلىرىنى ئىگىلەشنى مەقسەت قىلسا، ئەقىلگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، ئەقىلگە كۆتۈرەلمەيدىغان نەرسىنى ئارتىپ قويغان بولىدۇ».

بۇ گەپنىڭ نەتىجىسى شۇكى، ماتۇرىدى شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان ئىشلاردا ئەقىلنىڭ ھۆكمىنى تۇتىدۇ. ئەگەر شەرىئەتكە خىلاپ بولسا، ئەلۋەتتە شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىدۇ].

ئالىملىق سۈپىتى بىلەن بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ باھا بەرگەن ئىمام مۇھەممەد ئەبۇ زەھرەنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن شۇ چىقىدۇكى، ماتۇرىدى مۇھەددىس ۋە فەقىھلەردەك ئەقىلگە ھېچقانداق ھوقۇق بەرمەي نەقىلنى يېتىم قالدۇرغانمۇ ئەمەس، مۆتەزىلىلەردەك ئەقىلگە چەكلىمىسىز ھوقۇق بېرىۋېتىپ ئازغانمۇ ئەمەس، ئەشئەرىيلەردەك ئەقىلگە

تار دائىرىدە يېتەرسىز ھوقۇق بەرگەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئەقىلگە ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس يېتەرلىك ھوقۇق بەرگەن، ئەقىلنىمۇ قاندۇرغان ۋە نەقىلنىمۇ قاندۇرغان.

مەلۇمكى، ئوتتۇراھاللىق پوزىتسىيىسى باشقىلار ئويلىشالىغانداك نۇقۇل كۆز قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ماسلاشتۇرۇشلا ئەمەس. ئوتتۇراھاللىق مەيدانى تەس ئىش بولۇپ، نەقىلنىڭ ھۆكۈملىرىنىمۇ ۋە ئەقىلنىڭ ھۆكۈملىرىنىمۇ تولۇق بىلىشنى، نەقىلنىڭ مۇقەددەسلىكىنىمۇ ئەقىلنىڭ مەرتىۋىسىنىمۇ ساقلاشنى، ھېچ يانغا ئاغماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، ماتۇرىدى ئوتتۇراھاللىق مەيدانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىدا ئوتتۇراھال بولۇش يولىدا ماڭغان ئەشئەرىدىنىمۇ بەكرەك ئۇتۇققا ئېرىشكەن. بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە مۇنداق دېگەن: «شۇڭلاشقا، دوستىمىز مەرھۇم (مۇھەممەد زاھىد) كەۋسەرىينىڭ ‹ئەشئەرىيلەر - مۆتەزىلە بىلەن مۇھەددىسلەر ئوتتۇرىسىدا؛ ماتۇرىدىيلەر - مۆتەزىلە بىلەن ئەشئەرىيلەر ئوتتۇرىسىدا› دېگەن سۆزى راست بولغان ئىدى».

### 1 - پىكىر مۇستەقىللىقى

بۇ دېگىنىمىز بىرەر مەزھەپكە ياكى مۇئەييەن بىر قاراشقا تەئەسسۇپلۇق قىلماسلىقنى، بەلكى ھەقىقەتنى ئىزدەش كېرەكلىكىنى، ھەقىقەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسىمۇ مەلۇم بىر پىكىرگە ئەگىشىۋالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ. ماتۇرىدى پىكىر مۇستەقىللىقىگە ۋە پىكىر ئەركىنلىكىگە ئىگە زات بولۇپ، ئۇنىڭدا تەئەسسۇپلۇق ياكى ئاشقۇنلۇق كۆرۈلمىگەن.

### 2 - شەيئىلەرگە ئومۇمىي نەزەر بىلەن قاراش

ماتۇرىدىنىڭ پىكىر-ئىدىيىسى شەيئىلەرگە ئومۇمىي نۇقتىدىن ئوبيېكتىپ قاراش، ئۇششاق مەسىلىلەرنى پرىنسىپال مەسىلىلەرگە باغلاش، شاخچە مەسىلىلەرنى يىلتىزىغا قايتۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان.

### 3 - پىكىر بىلەن ئەمەلنى بىر-بىرىگە باغلاش

ماتۇرىدىنىڭ نەزىرىدە پىكىرلىرىمىزنىڭ دۇۋە - دۇۋە بولۇشى، پىكىرلىرىمىزنىڭ زېھنىدىكى ھاسىلاتىنىڭ كۆپ بولۇشى، تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشىمىز مۇھىم ئەمەس، بەلكى مۇھىمى پىكىرلىرىمىز بىلەن ئەمەلىمىزنى ماسلاشتۇرۇپ مېڭىپ، پىكىرلىرىمىز ئەمەلىمىزگە يېتەكچى بولۇشى ۋە توغرا يولغا سېلىنىشىدۇر.

ئۇ كۆپىنچە پوزىتسىيىلىرىدە پايدىسىز پارچە-پۇرات مەسىلىلەرگە كىرىشىنى رەت قىلىدۇ. بەزى كالامشۇناسلار، مەسىلەن: ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ئىچكىرىلەپ كىرىش، ئىنچىكىلەشكە ئوخشىغان ئايىغى چىقماس پايدىسىز تەتقىقاتلارنى قىلغان. ماتۇرىدى گەرچە بۇنىڭدىن بىر پۈتۈن ئازاد بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما كالامشۇناسلارنىڭ ئىچىدە بۇ خىل مەسىلىلەرگە ئەڭ ئاز كىرگەن كىشى ھېسابلىنىدۇ.

### 4 - مەنا ۋە مەزمۇنغا ئەھمىيەت بېرىش

ماتۇرىدىنىڭ نەزىرىدىكى پىكىرنى ئەمەلگە ۋە ئەمەلىيەتكە باغلاشنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنىڭ مەنا-مەزمۇنغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېلىپ چىققان. ئۇ شەكىلنىڭ تۈۋىدىلا تۇرۇۋېلىپ شەكىلگە ئېسىلىۋالمايدۇ، بەلكى ئىچكىرىلەپ كىرىپ جەۋھەرنى قازىدۇ، شەكىل ياكى لەۋز ئارقىسىدىكى مەنىنى ئىزدەيدۇ. مۇھىمى ئۇنىڭ نەزىرىدە مەنىنى يورۇتۇش، مەزمۇننى ئېچىپ چىقىش ۋە مۇددىئانى تېپىشتۇر.

**5 ـ تەنقىدچىلىك ئالاھىدىلىكى**

تەنقىدچىلىك ماتۇرىدىنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭ رەقىبلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىش مېتودى مەزكۇر قاراشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ تەھلىل قىلىش، پرىنسىپلارغا سېلىپ كۆرۈش، ئۇنىڭدىكى خاتالىق سەۋەبىنى ئىزدەش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلاتتى.

## ئەشئەرىيلەر بىلەن ماتۇرىدىيلەر ئارىسىدا

ئەشئەرىيلەر ۋە ماتۇرىدىيلەر بىرلىكتە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىبىنى تەشكىل قىلىدىغانلاردىن بولۇپ، بۇ ئىككىسى قىسمەن تارماق مەسىلىلەردىن باشقا كۆپ جەھەتلەردە بىر-بىرىگە ئوخشىشىدۇ. ئەبۇلىيۇسر بەزدەۋى ئەلماتۇرىدىي ماتۇرىدى ئەقىدىسىنىڭ ئوتتۇراھاللىق سەۋەبلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ مەزھىبىمىز ئوتتۇراھال مەزھەپ، بىز بىلەن ئەشئەرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا ساناقلىقلا مەسىلىلەردىن باشقىدا ھېچبىر ئىختىلاپ يوق».

ئالىملار ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپىي مەسىلىلەرنى ئايرىم بىر كىتاب قىلىپ يېزىشقا كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، ئىمام سۇبكىي «القصيدة النونية» ناملىق كىتابىدا بۇ مەسىلىلەرنى 13 مەسىلە دەپ سانىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئالتە مەسىلىدىكى ئىختىلاپ مەنىۋىي، قالغانلىرىدىكى ئىختىلاپ لەبزىي، دېگەن. ھەممىدە يەنە ئىختىلاپنى ئاساسەن ئۈچ مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، دېگەن.

شەيخ زادە «نظم الفرائد وجمع الفوائد» ناملىق كىتابىدا ئۇنى 40 مەسىلە دەپ سانىغان.

ئەبۇ ئۇزبە «الروضة البهية فيما بين الأشاعرة والماتريدية» ناملىق كىتابىدا 13 مەسىلە دەپ سانىغان.

ئىبنى كامال باشا «مسائل الاختلاف بين الأشاعرة والماتريدية» ناملىق كىتابىدا 11 مەسىلە دەپ سانىغان.

ئىمام مۇھەممەد ئابدۇھ «العقائد العضدية» گە يازغان ئىزاھىدا ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ 10 مەسىلىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئۇلاردىكى ئىختىلاپ لەپزىي دەپ يەكۈنلىگەن.

## ماتۇرىدى مەزھىپى بېسىپ ئۆتكەن باسقۇچلار

ماتۇرىدى ئەقىدىسى بىر قانچە باسقۇچ ۋە دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ھەربىر باسقۇچنىڭ ئۆزىگە خاس ئالىملىرى بولغان.

**1 ـ قۇرۇلۇش باسقۇچى**

بۇ باسقۇچقا مەزھەپ پېشۋاسى ۋە قۇرغۇچىسى ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى ۋاپات تاپقۇچە ئۆزى بىر قوللۇق باشچىلىق قىلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن ھاياتىدا كۆپ خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن.

**2 ـ تەرەققىي قىلىش باسقۇچى**

بۇ باسقۇچ ھىجرىيە 333 ـ يىلىدىن ھىجرىيە 500 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماتۇرىدىنىڭ بىۋاستە شاگىرتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ دەۋرىدۇر. بۇ دەۋردە فىقھىي تەبىئەت غالىب كەلگەن بولۇپ، ئۇ دەۋرنىڭ ئالىملىرى ماتۇرىدىنى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ فىقھىسىنى نەقىل قىلغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە قاراپ ئۇنىڭ فىقھىي مىراسلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلارنىڭ كالام مەسىلىلىرىدىكى سۆزى ئاز بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**3 - پىششىپ يېتىلىش باسقۇچى**

بۇ باسقۇچ ئەقىدە بابىدا كۆپ كىتاب-ئەسەر يېزىلغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ باسقۇچ ماتۇرىدى ئەقىدىسىنى قائىدىلەشتۈرۈش ۋە ماتۇرىدى ئەقىدىسىنى تەتقىق قىلىشقا كېڭىيىش، ئىنچىكە ۋە مەخسۇس شەكىلدە كىتاب يېزىش باسقۇچىدۇر. ئەبۇلمۇئىن نەسەفىنىڭ «**تبصرة الأدلة**» ناملىق كىتابىغا ئوخشىغان ماتۇرىدىيچە كالامىي قامۇس دەپ سانىلىدىغان چوڭ ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن.

بۇ باسقۇچنىڭ ئەڭ مۇھىم ئادەملىرى:

مەيمۇن ئىبنى مۇھەممەد مەكھۇل ئەبۇلمۇئىن نەسەفى: نەسەفى مەزھەپ پېشۋاسى ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدىدىن قالسىلا ماتۇرىدىيلارنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئادىمى ھېسابلىنىدۇ. ماۋارائۇننەھردىكى نەسەف دېگەن شەھەرگە نىسبەت بېرىلىدۇ، ھىجرىيە 418 ياكى 438 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ماتۇرىدى ئەقىدىسىنى چوڭقۇر ۋە كەڭ شەرھلەپ يېزىش تۆھپىسى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ماتۇرىدى ئىدىيەسىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى خالىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نەشر قىلىنغان. ئۇلاردىن:

«**تبصرة الأدلة**»، «**التمهيد لقواعد التوحيد**»، «**بحر الكلام**»، «**تصيد القواعد في علم العقائد**»، «**مناهج الاقتداء بالأئمة المهتدين**» قاتارلىقلار.

نۇرىددىن ئەھمەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى سابۇنى (ۋاپاتى ھىجرىيە 580): «**البداية من الكفاية في الهداية في أصول الدين**» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى.

نەجمىددىن ئۆمەر نەسەفى (ۋاپاتى ھىجرىيە 537): زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ھەمدە پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ مۇپتىسى دەپ ئاتالغان كىشى. ماتۇرىدى ئالىملىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولۇپ، 550 نەپەر يېرىك ئۇستازدىن دەرس ئالغان ۋە ئۇستازلىرى توغرىسىدا ئالاھىدە كىتاب يازغان. ئۇ ھاياتىدا يۈزگە يېقىن ئەسەر يازغان بولۇپ، تەپسىر ۋە سەمەرقەند ئالىملىرى، بۇخارا تارىخى ھەققىدە كىتاب يازغان. «ئەقىدە نەسەفىيە» دېگەن كىتابى كۆپ شۆھرەت قازانغان ۋە يېقىنقى دەۋرگىچە ئەزھەردە ئوقۇشلۇق قىلىنغان.

**4 - ماتۇرىدى ئەقىدىسىنىڭ تارقىلىش باسقۇچى**

بۇ باسقۇچ ھىجرىيە 8 - ۋە 9 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ماتۇرىدىيلارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدىندۇر. بۇ دەۋرنىڭ كاتتىلىرىدىن: ئەبۇلبەرەكات نەسەفى (ۋاپاتى ھىجرىيە 710)، «**مدارك التنزيل وحقائق التأويل**» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى. ئۇنىڭ ئەقىدىدە «**العمدة**»، ئۇنىڭ شەرھىسى «**الاعتماد في الاعتقاد**» دەپ كىتابلىرى بار.

كامال ئىبنى ھۇمام (ۋاپاتى ھىجرىيە 861): تېگى سىۋاستىن، ھىجرىيە 790 - يىلى ئىسكەندەرىيەدە تۇغۇلۇپ، -861يىلى قاھىرەدە ۋاپات بولغان. ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام ۋە ھافىز ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىغا ئوخشاش ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئالىملىرىدا ئوقۇغان. ئىسلامىي پەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىمتىياز ھاسىل قىلغان. «**فتح القدير**» «**المسايرة في العقائد المنجية في الآخرة**» ناملىق كىتابلىرى مەشھۇردۇر.

**5 - خوجايىنلىق باسقۇچى**

بۇ باسقۇچ ھىجرىيە -10ئەسىردىن باشلىنىپ، ئوسمانىيلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە داۋاملاشقان. بۇ دەۋردە ماتۇرىدى ئەقىدىسى ئوسمانىيلارنىڭ قوللىشى بىلەن نۇقۇل تارقىلىشتىن خوجايىنلىقىقا

يۈتكەلگەن بولۇپ، ئوسمانىيلار دۆلىتى فىقھىدا ھەنەفىي مەزھىبىنى، ئەقىدىدە ماتۇرىدى مەزھىبىنى تۇتاتتى. بۇ باسقۇچتا ئوسمانىيلارنىڭ نوپۇزى كېڭىيىشى بىلەن تەڭ ماتۇرىدى مەزھىبىمۇ بىللە كېڭىيىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلى، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە تۈركىيەلەرگە تارالغان. بۇ باسقۇچنىڭ كاتتىلىرىدىن:

1 - «**اشارات المرام**» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىمام بەيازى رۇمىي ھەنەفىي (ۋاپاتى ھىجرىيە 1097).

2 - «**شرح الفقه الأكبر**» نىڭ مۇئەللىپى ئىمام مۇللا ئەلى ئىبنى سۇلتان قارى ھەنەفىي (ۋاپاتى ھ1014).

ئىمام مۇھەممەد زاھىد كەسەرى. ئوسمانىيلار دۆلىتىدە ئىسلام شەيخلىقىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

ھازىرقى دەۋردە ماتۇرىدى يۈنىلىشى ئەزھەردەك بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ ئەقىدە دەرسلىكىدە ئەشئەرى يۈنىلىشى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇتۇلۇپ كەلمەكتە.

## ماتۇرىدى مەزھىپى ۋە ئۇيغۇرلار

ئىمام ماتۇرىدى ياشىغان ئاخىرقى مەزگىللەردە سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قاراخانىيلارنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ رەسمەن ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىشى بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىردىنلا تېزلەشكەن ۋە بىرلا ۋاقىتتا نەچچە ئون مىڭلاپ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىشى مۇسۇلمان بولغان، ھەمدە ئىسلام ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىغان. تارىخىي مەنبەلەردە دېيىلگەندەك، بۇ شانلىق ھادىسىلەرنىڭ روياپقا چىقىشىدا ماۋارائۇننەھر ئالىملىرى ۋە دەۋەتچىلىرىنىڭ ئەلۋەتتە چوڭ رولى بولغان بولۇپ، بۇ دەۋەتنىڭ ئىچىدە ماتۇرىدى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭمۇ رولى بار، ئەلۋەتتە. ئىسلام شۇ چاغلاردىن تارتىپلا ماۋارائۇننەھر ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەقلىملىرىغا فىقھىدا ھەنەفىي مەزھەپ، ئەقىدىدە ماتۇرىدى يۈنىلىشى بويىچە كىرگەن. مەھمۇد كاشغەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپلاردىن تاكى ئابدۇلقادىر دامۇللام ۋە ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىملارغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئەھلى سۈننە ئەقىدىسىنى مۇشۇ يۈنىلىش بويىچە ساقلاپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. ساتۇق بۇغراخان بىزلەرگە ئىسلامنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن بولسا، ئىمام ماتۇرىدى بىزلەرگە ئىسلامدىكى توغرا ئەقىدىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن. ساتۇق بۇغراخاننىڭ بىزگە قالدۇرغان تەسىرى قانچىلىك چوڭ بولسا، ماتۇرىدىنىڭمۇ بىزگە قالدۇرغان تەسىرى شۇنچە چوڭدۇر. ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە قوشقان تۆھپىسى زوردۇر.

جانابىي ئاللاھتىن ئۇلارغا چەكسىز رەھمەت ۋە مول مەغپىرەت تىلەيمىز. ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ بىباھا مىراسلىرىغا ئىگە بولىدىغان، ئۇلارنىڭ توغرا يولىنى بويلاپ ماڭىدىغان ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشىنى سورايمىز.■

**پايدىلانغان كىتابلار:**

إمام أهل السنة والجماعة أبو منصور الماتريدي وآراءه الكلامية للدكتور علي عبد الفتاح المغربي-مكتبة وهبة

الوسيط في عقائد الإمام الماتريدي ونقده للمسائل الكلامية عند المخالف للدكتور محمد خليل النويهي-دار النور المبين

كتاب التعريف بالمدرسة الماتريدية للدكتور عواد محمود عواد سالم-دار الإمام الرازي

كتاب تاريخ المذاهب الإسلامية للإمام محمد أبي زهرة-دار الفكر العربي

كتاب رجال الفكر والدعوة فى الإسلام للشيخ أبي الحسن الندوي-دار ابن كثير

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۈمىد نۇرى

ت. شەھىدى

تۈن قانچە قاراڭغۇلاشسا، يۇلتۇز شۇنچە روشەنلىشىدۇ. تۈننىڭ زۇلمەت قوينىدا چاقنىغان ھەر بىر يۇلتۇز، ئۇ تۈن قاراڭغۇسىنىڭ باغرىغا سانچىلغان بىر خەنجەرگە ئوخشايدۇ. ھەر تەرەپتىن سانچىلغان خەنجەر زەربىسىدىن ھالسىرىغان ۋەھشى زۇلمەت، ئاخىرى ئاستا ـ ئاستا نۇرغا چۆمىدۇ ـ دە، كۆك يۈزى شائىرانە ئىلھام دولقۇنىدا چايقىلىپ، نۇر دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ.

تارىخنىڭ سىترېلكىسى 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلانغۇچ توچكىسىنى جاراڭلىتىپ چېكىۋاتقان بىر پەيتتە، بىز، جۈملىدىن پۈتۈن مۇسۇلمانلار كۇپرى، زالالەت، جاھالەت ۋە نادانلىقنىڭ زەنجىرىدە پۇت ـ قولىمىز باغلىنىپ مەھكۇملۇقنىڭ زۇلمەت قوينىغا تاشلاندۇق. چالا بوغۇزلىنىپ تاشلانغان كالىدەك تىپىرلاپ ئەترايقا سوقۇلۇپ پۈتۈن بەدىنىمىز زىدىلەندى. چارىسىزلىقتىن زۇلمەت زەنجىرى يۆگىمەچ ئوتتەك يۆمىشىپ گېلىمىزغا كەلدى، خاقىراپ جان تالىشىۋاتىمىز. ئاۋاق مۆرىلىرىمىزگە، تال ـ چىۋىقتەك ئىنچىكە بەللىرىمىزگە يۈكلەنگەن زاماننىڭ بۇ قاتمۇ قات پالاكەت تىراگېدىيىسى ئالدىدا ئاچچىق ئىڭراپ قان يىغلاۋاتىمىز.

بېشىمىزغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلىك ئاپەتلەر بەلكى بىزنىڭ ھايات ئۇچىقىدا تاللىنىپ، تۇرمۇشنىڭ چوڭ ـ كىچىك بازغان ۋە بولقىلىرىدا سوقۇلۇپ، قايتىدىن ئىنسانلىق سۈپىتىگە لايىق پىششىقلىنىپ چىقىشىمىزنىڭ باشلانغۇچى بولسا كېرەك؟ چۈنكى ئىنسان ئۆز بېشىغا كەلمىگىچە غەپلەتتە ئۆزىنى بىلمەيدۇ، نىشانى، غايىسى ۋە مەجبۇرىيىتى ئۈستىدە

باش قاتۇرمايدۇ. غاپىللىق ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ ھايات ھەلەكچىلىكىدە نەپسىگە قۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ، تېرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، گەپ قىلىدۇ،يۇ چۈشەنمەيدۇ، كۆرىدۇ، يۇ پەرقەتمەيدۇ، ماڭىدۇ، يۇ يولنى بىلمەيدۇ. لېكىن باشقىلار بۇنى پۇرسەت بىلىدۇ. غاپىللىقىمىزدىن، جاھىللىقىمىزدىن، ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىدۇ. دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بۇنىڭ ئەدەبىياتىنى، پەلسەپىسىنى ئۆز مۇددىئاسىغا مۇناسىپ چۈشەندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆرىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى دۇنيا تېررورچىلىق تىزىملىكىگە قاتىدۇ ـ دە، ئاندىن سەن ئۆزەڭنىڭ ھەق ۋە قانۇنلۇق گېپىڭنى قىلساڭمۇ ئاقمايدۇ. ھەممىسى ساڭا سوغۇق نەزەر بىلەن قارايدۇ. ھەتتا قان قېرىنداشلىرىڭمۇ ۋاقتى كەلگەندە سەندىن قاچىدۇ. چۈنكى سەندە مال دېسە مال يوق، كۈچ دېسە كۈچ يوق، ئىلىم دېسە ئىلىم يوق، ئادەم دېسە ئادەم قاتارىغا قويغۇدەك ئادەم يوق ...

خىتايلارنىڭ: «قاراڭغۇنى تىللاپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا شام ياققىن»، دېگەن بىر ئاتا سۆزى بارمىش. ئەمما بىز يىللاردىن بېرى يا شام ياقمىدۇق، يا بۇ سۆزگە ئىشەنمىدۇق. ۋاقىت ئۆتتى، زامان ئۆزگەردى، كۇفرى تەرەپتارلىرىنىڭ سەلدەك بېسىپ كېلىشۋاتقان ئېتىقادىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي ۋە پىكرى زەربىسى ئالدىدا ھودۇقۇپ قالدۇق. ۋەتەندىكىلەر ئۇمىدىنى ۋەتەن سىرتىدىكىلەرگە باغلىدى. سىرتتىكىلەر بولسا ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان دۆلەتتىن ئۇمىد كۈتۈش بىلەن ھەممىسى ئۇ ياكى بۇ ھەرىكەتلەردە بولغان بولدى. ھازىرغىچە بىرەر ئەمەلىي نەتىجە يوق. بىر قانچە يىل مابەينىدە ئۇ بايدىن ياكى بۇ بايدىن تىلەپ يىغقانلىرىنى پاكىستاندا، ئافغانىستاندا ئۆزئارا ئەرزىمەس دەتالاشلار بىلەن ئۇچۇرۇپ تۈگەتتى. ھەتتا دۈشمەنگە بىر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپ ئۆزئارا ئۇچى، بۇچى دېيىشىپ بىر قانچە قېرىنداشلىرىمىز ئۆلتۈرۈلدى. يەنە بىرقانچە قېرىنداشلىرىمىز ئوتتۇرئاسىيا تۈرمىلىرىدە ھازىرغىچە دات ـ پەرياد چەكمەكتە.

60 ـ يىللاردىن كېيىن تۈركىيەگە كەلگەن مۇھاجىرەتتىكى قازاقلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تىكلىدى. يول تاپالماي تەمتىرەپ قالغان قازاقلارنى ئوقۇتتى، تىجارەتكە سېلىپ كاتتا كارخانىچى قىلدى. ئەمما بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىزچۇ...! نېمە ئىش قىلدى؟ قېنى بىز ماۋۇ، ماۋۇ ئىشلارنى قىلدۇق دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ باقسۇنچۇ... ھەتتاكى بىر پۈتۈن سىياسى كۈچ بولۇپمۇ ئۇيۇشالمىدى.

دېمەك، 60 ـ يىللاردىن باشلاپ چەت ئەلگە چىققان ئۇيغۇرلار تا ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە ھەر خىل ئىسىمدا ۋەتەن دەۋاسى قىلىپ ھەرىكەت قىلىشۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى مىللىتىمىز ئۈچۈن، ياكى ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا ئۆزلىرى ئۈچۈن تىلغا ئالغۇدەك بىرەر پايدا ئېلىپ كېلەلمىدى. يەھۇدى مىللىتىنى ئالدىغان بولساق تېخى 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا دۇنيادا ماكانسىز، پالاندى، قەلەندەر مىللەت ئىدى. بۇ ھەممىگە مەلۇم. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي

جەھەتتىكى غەيرىتى ئاز ۋاقىت ئىچىدە دۇنيا مىللەتلىرىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدىغىنى شۇكى، ھېچ بىر ئاساسى بولمىغان قۇرۇق دەۋا ئاساسىدا 1948 ـ يىلى پەلەستىن زېمىنىدا ئىسرائىل دۆلىتىنى قۇرۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلدى. ئوتتۇرا شەرقتىكى 250 مىليوندىن ئارتۇق ئەرەبلەرنى 1968 ـ يىلقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىپ لىۋان، سۇرىيە، مىسىر قاتارلىق پەلەستىنگە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بىر قانچە ئۆلكىلىرىنى بېسىۋالدى. مىسىر 1973 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ زېمىنىنى ئازات قىلغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلار يەنىلا 250 مىليوندىن كۆپ ئەرەب مىللىتىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ، مىڭىسىگە ئاتوم تەڭلەپ تۇرماقتا. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى سىياسىتى ئامېرىكىدىكى بىر قانچە يەھۇدى لوبىلىرىنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن سىزىلىدۇ. ئامېرىكا دۆلىتى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ھازىرقى يەھۇدى دۆلىتىنىڭ بۈيۈك مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدىكى ئىستراتېگىيىلىك سىياسى پىلانى، ئۇلار ھازىرقى ئىسرائىل دۆلىتىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، نىل دەرياسىدىن پۇرات دەرياسىغىچە ئوتتۇرا شەرقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىمپېرىيە قۇرۇش. ئاندىن پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇش ئۈچۈن ھازىرقى ئىتالىيەنىڭ پايتەختى رومانى مەركەز قىلغان ئاساستا دۇنيا ئەللىرىنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مانا بۇ تېخى يېقىن تارىخقىچە ماكانسىز قالغان بىر مىللەتنىڭ غەيرىتى، تىرىشچانلىقى، ئۆز ئېتىقادىغا بولغان سادىقلىقى ۋە ئىخلاسمەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى ئاللاھ تەئالا بۇ دۇنيادا كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئىشلىگەنگە، غەيرەت كۆرسەتكەنگە بېرىدۇ. ئىشلىگەندىمۇ ئىخلاس بولۇشى شەرت. ئىخلاسسىز ھەر قانداق ئىش ـ ئەمەلنىڭ نەتىجىسى مېۋىسىز قالىدۇ.

ئەمدى بىزچۇ...؟ بىر قانچە يىللىق پىلان ۋە پىروگراممىلىرىمىزنىڭ ئاجىزلىقى ۋە دۇرۇست بولمىغانلىقى، بەزىدە نىيەت ـ ئىقبالىمىزنىڭ ئەگرىلىكى، تۈزلا ئېيتقاندا، قىلغان ئىشىمىزدا ئىخلاس ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى بولمىغانلىقى تۈپەيلى ھېرىپ قالدۇق. سۆزىمىز، ئاھ ـ زارىمىز ۋە ھارغىنلىقىمىز ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. مۇنارلىرىمىزدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ، گۈمبەزلىرىمىزدىن قۇرئان ئاۋازى كۆتۈرۈلمەيدۇ. مۇنارلارنىڭ روھى ۋە گۈمبەزلەرنىڭ جېنى ئەزان ۋە قۇرئان ئىدى. جانغا جان قوشقان بۇ ئىككى ئامىل ئۇتتۇرىدىن يوقالغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت بىر قەبرىستان، مەسجىتلەر خۇددى مازارلىققا ئوخشاپ قالدى. ئىچىدە بىر قانچە جامائەت بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەبرىستانلىقتىكى ئۆلۈكتىن ھېچ بىر پەرقى يوق. قارىسىڭىز چىرايىدىن مىسكىنلىك، بىچارىلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ھەتتا پۇت ـ قولىدا مەغدۇرى يوق، يۈز ـ كۆزىدىن تۈپا ـ تەرەت يېغىپ تۇرىدۇ. مەسجىتلەرگە ئومۇمىي جەھەتتىن دىققەت قىلىدىغان بولساق يۈزدە 98 پىرسەن مەسجىد چالما ـ كېسەك، ۋەدىك ـ ياغاچلاردىن

سېلىنغان، ئىچىدە كىگىز، گىلەم ئەمەس تۈزۈك كىرەك بورىمۇ يوق. ئەتراپتىن قويۇن ئۈچۈپ تۇرىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى يوق، دىنىي مائارىپتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ جىنايەت، ھەتتا دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى بوزىدىغان خىيانەت. پەننىي مائارىپنىڭ يا ساپاسى، يا قۇرۇق نەزەرىيەدىن باشقا ماتاسى يوق. خىتاينىڭ ئاتاقلىق جەمئىيەت شۇناسى فەنگۇۋاڭدەن مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى ئاتالمىش مائارىپ ئادەمگە پەقەت ئىجتىمائىي مەشغۇلىيەتنى، ئىنچىكىلىگەندە پەقەت بىر خىل كەسىپ تېپىشنى، يەنىمۇ ئىنچىكىلىگەندە قورساق بېقىشنى ئۆگىتىدۇ.» ئەمما بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز قورساق بېقىشنىمۇ ئۆگىنەلمەي بارغانچە تېخىمۇ جاھىل، تېخىمۇ نادان توم تۇۋاق قىلىنىۋاتىدۇ. ئەمدىلىكتە قوش تىللىق مائارىپ دەپ مىللىي تىلىمىزنى چەتكە قېقىۋاتىدۇ، يېڭى زامان پەننىي مائارىپ ۋە ئاتالغۇلارغا يارىمايدۇ دەپ خەنزۇ تىلىنى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا زورلاپ تېڭىۋاتىدۇ. بۇنى ئاز دەپ يېزا - قىشلاق، شەھەر - بازار ۋە يول - كوچىلارنىڭ مىللىيچە ئىسىم ۋە ناملىرىنى ئۆزگەرتىپ خەنزۇچە بىر نېمىلەر بىلەن ئاتاۋاتىدۇ. ئەرلىرىمىزنىڭ ساقال - بۇرۇتتىن ئىبارەت يىگىتلىك سىمۋولىدىن قىزغىنىپ جىنايەت كاتىگورىيىسىگە كىرگۈزىۋاتىدۇ، ئاچا - سىڭىل خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ ياغلىق - روپاچ، ئۇزۇن كېيىم نومۇس پەرەنچىلىرىگە قول ئۇزىتىپ خىرس قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا قارشى گەپ - سۆز ئەمەس، كۆز يۇگۇرتكەننى بىر قانچە يىللىق زىندانغا تاشلاپ زەردە قىلىۋاتىدۇ. سىياسىي ئۆگىنىش نامىدا، ئەر - ئايال، قېرى ياش، باي - كەمبەغەل بىرنى قويماي داۋۇي، شودۇي - ئاھالە كومىتېتلىرىگە يىغىپ، دىنىي ئېتىقادىغا، مىللىي مەدەنىيىتىگە قارشى يوقىتىش خاراكتېرلىق ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئىمام، ئاخۇن، موللا دېمەي كوللېكتىپ ناخشا - ئۇسسۇل ئويناپ، تانسىغا زورلاپ، خىتايچە مۇزىكىغا خور توۋلاپ سەكرەۋاتىدۇ، قۇرئان ئەمەس، ئەرەبچە گېزىت - ژورنال، كىتابلارنى قولغا ئېلىپ ئوقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆيدە ساقلاپ، چىقىپ قالسا، بىر يىلدىن كۆپ ئون يىلغىچە ئۆي كېسىپ رەھىمسىزلارچە جازالاۋاتىدۇ. يەسلى خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش نامىدا بوۋاق - سەبى نارىسىدىلەرنى ئائىلىسىدىن يىغىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلما ۋە روھىي ھالەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ خەنچە پىسخىك، خەنچە تەپەككۇر، خاراكتېر - مىجەز سىڭدۇرۇۋاتىدۇ. ئانام كۆرمىگەن، دادام كۆرمىگەن تۇغقانلار كېلىپ داستىخىنىمىزغا داخىل بولۇپ، ھالال - ھارام ئايرىماي ئەقىل زېھنىمىزنى بۇلغاۋاتىدۇ.

كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش پۇلى دەپ ئايدا 50 ، 60 كوي پۇل بىلەن، بىر - ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بېرىپ كۆز بوياۋاتىدۇ. ئەمما شەھەر ئىچى ۋە مەركىزى رايونلارغا قەۋەت - قەۋەت بىنا سېلىپ، ئىچكىرىدىن «مېھمان»نى مەجبۇرى چىللاپ كېلىپ، ئايلىق مائاش توختىتىپ ئولتۇرغۇزىۋاتىدۇ. بىزنىڭ تىجارەتچى ۋە كارخانىچىلىرىمىزنى ھەر تۈرلۈك بانا - سەۋەب بىلەن باش كۆتۈرتمەي بېسىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن

شەخسلەرنى تۇرمىگە ئېلىپ، ئىچكىرىدىن كەلگەن زاۋۇت - كارخانىچى خىتايلارغا ئورۇن بوشىتىپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتىدۇ. ئەمدىلىكتە پۇل تاپقان كونا - يېڭى، چوڭ - كىچىك بىرمۇ باينى قالدۇرماي تۇرمىگە ئېلىپ كېتىپ شەپقەتسىزلارچە يوقىتىۋاتىدۇ. تېخىمۇ يامان بولغىنى بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە ئاھالىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش باھانىسى بىلەن ئىككى مىليوندىن كۆپ ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەش قانۇنىنى ماقۇللاۋاتىدۇ، بۇندىن بۇرۇنمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەت كۈتىۋاتقان يۈز مىڭلارچە ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە خىزمەت باھانىسى بىلەن يۆتكەش پىلانى بۇنىڭ سىرتىدا.

مانا بۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ياۋۇز دۈشمەننىڭ قارا نىيىتى بىر قانچە مىڭ يىلدىن بېرى مەركىزى ئاسىيانىڭ بەلبېغى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەلبى تۈركىستان تۇپراقلىرىدا، يەنى بۈگۈنكى شەرقى تۈركىستان زېمىنىدا ياشاپ كەلگەن، شانلىق مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكى، ئېتىقاد قارىشى، تىل ۋە ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان 30 مىليوندىن كۆپ بىر ئېسىل - قەدىمىي ئۇلۇغ مىللەتنى، تەلتۆكۈس ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش خىيالىغا كېلىپ بولغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ بىزگە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، مەيلى ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن، مەيلى ۋەتەن سىرتىدا بولسۇن پۈتۈن ھەرىكىتىمىزنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن نوقتىلانغانلىقىنى، سىياسەت، ئىقتىسات، دىپلومات ۋە مائارىپ جەھەتتە ھازىرغىچە تىلغا ئالغۇدەك بىرەر نەتىجە قولغا كەلتۈرەلمىگەنلىكىمىزنى، ھەتتا بىر سىياسىي كۈچ بولۇپ، بىر لىدەر ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ھەرىكەت مېخانىزمىمىزنى بەرپا قىلالمىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

دىمەككى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى خەلقئارا ۋەزىيەت بولسۇن ئىچكى ۋەزىيەت بولسۇن ھەر ئىككىسى بىزنىڭ پايدىمىزغا ئەمەس، زىيىنىمىزغا قاراپ ئېقىۋاتىدۇ. بىز بۇ ئېقىن قايىنىمىدا شۇ پېتى كېتىۋېرىدىغان بولساق، دۇنيالىقىمىزنىلا ئەمەس، ئاخىرەتلىكىمىزنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشىمىز تۇرغانلا گەپ. بىز دۈچ كېلىۋاتقان بۇ تىراگېدىيەنىڭ ھەجمىنى كىچىك ساناپ سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋەتەن مەسىلىسى، مىللىتىمىزنى، كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسى، بولۇپمۇ خەلقىمىزنىڭ، شۇنداقلا كەلگۈسى ئەۋلادىمىزنىڭ ئىمانىنى قوغداپ قېلىش مەسىلىسى، ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ سالامەت قېلىشى ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك قۇتۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى. ئىمانىمىز سالامەتلا بولىدىكەن، بىز چوقۇم ھامان بىر كۈنى مەھكۇملۇق ۋە جاھىللىقنىڭ زۇلمەت زەنجىرىدىن قۇتۇلۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشىمىز.

سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدىن تارتىپ دىنى مەزھەپلەر ئاداۋىتىنىڭ قانلىق نەتىجىسى

بولغان ئاپپاق خوجا خاندانلىقى، جوڭغارلارنىڭ نەيزىسى ئاستىدا تۇنجى قېتىم قارار تاپقاندىن كېيىن، بىزدە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ بىلى ئۈشتۈلدى، نادانلىق، قاششاقلىق خۇددى چاچراتقۇدەك ئەۋج ئالدى. جاھالەت، خۇراپاتلىق، زۇلۇم ، نامراتلىق ھالىمىزنى قويمىدى. «بۇرۇتقا خاپا بولسام ساقال چىقتى» دېگەندەك، 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ مائارىپىمىز تامامەن ئاتىزمدىن ئىبارەت خۇداسىزلىق ئىدىيىسى بويىچە قۇرۇق نەزەرىيەگە باغلىنىپ قالدى. دۈشمەنلىرىنىڭ غەرەزلىك سىياسى ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى تەل تۆكۈس يوقىتىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دىنىي مائارىپ ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشمۇ جىنايەت كاتېگورىيسىگە كىرىپ قالدى. بۇ «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك تېخىمۇ ئەلەملىك بىر پاجىئە بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ھادىسە ۋە ئۆزلۈكسىز ئاتىزمچە مەجبۇرى مائارىپىنىڭ تەسىرى مىللىتىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق دىنىي ئېتىقاد قارىشىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئاستىن ـ ئۇستۈن قىلىپ، ھەرىكەت مىزانىنى تەڭپۇڭسىزلاشتۇرىۋەتتى. بار ـ بارا ئېتىقادىمىز سۇسلىشىپ ھەقىقىي بىلىملىك ئادەملەر، زامانغا لايىق ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىرى ئازلاپ كەتتى. ھازىرقى ئەمەلى ئەھۋالىمىزنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، ھازىر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئاشپەزلىك، قاسساپلىق، باققالچىلىقتىن ئىبارەت گالدۇڭلۇقتىن باشقا ئىقتىسادىي ئىگىلىك يوق دەپ ھۆكۈم چىقارساق خاتالاشقان بولمايمىز.

ئابدۇۋەلى ئەلى ئۆزىنىڭ «ئاپپاق خوجا» ناملىق ئەسىرىدە، ۋۇجۇدىمىزدىكى بۇ روھى ئىللەتلەرنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ ئېنىق ئېچىپ مۇنداق دەيدۇ: «قايسى ئەلدە نادانلىق، غاپىللىق غالىپ كەلسەن، شۇ ئەلدە تەرىققات، بۆلۈنۈش ئەۋجىگە چىقىدۇ، قايسى يۇرتتا ھەقىقەتنىڭ باغرى تىلىنغان بولسا، شۇ يۇرتتا غاپىللار يوقىرى دەرىجىلەرنى ئىگىلەيدۇ، توڭگۇز تومشۇق، ئېيىق پەنچە، بۆرە چىشلىق، تۈلكە قۇيرۇق، قېچىر تۇياق، چايان مىجەز، يىلان تىللىق كىشىلەر ئۇستۇن مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ!»(1) دەر ھەقىقەت ئابدۇۋەلى ئەلى تىلغا ئالغان بۇ سەلبىي ھالەت قېلىپلىرىنىڭ دەرىجىسى بىزدە بارغانچە ئاشماقتا، تۈرى كۆپەيمەكتە. شۇ سەۋەبلىك، بىز تەدرىجى يوسۇندا تەرىققاتچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە، ئۆزئارا زادىلا قۇلۇشالمايدىغان تۈرلۈك يۇرت ـ جامائەت تۈركۈملىرىگە پارچىلاپ تاشلاندۇق. بىرىمىز كۈلسەك، بىرىمىز يىغلايدىغان، بىرىمىزنىڭ رەقىبىنى بىرىمىز دوست بىلىدىغان، بىر يولغا، بىر نىيەتكە، بىر مەقسەتكە كېلىشەلمەيدىغان، بىر ـ بىرىمىزگە يەڭ ئىچىدە خەنجەر ـ پىچاق، زەھەر ـ زۇققۇم ساقلايدىغان، بىر ـ بىرىمىز بىلەن زادىلا كارىمىز بولمايدىغان، پايدا ـ مەنپەئەت دېسە دوزاخنىڭ ئوتىنىمۇ يالماپ يوتۇشتىن يانمايدىغان ماددىي مەنپەئەت مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ قالدۇق.

(1) . ئابدۇۋەلى ئەلى، «ئاپپاق خوجا» ١٥٠ ـ بەتكە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

فارابى، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائى، مۆللا مۇسا سايرامى، ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللام ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرەتلىرىدەك ئۇلۇغۋار ئىلىم ئەللامىلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى بولغان بىز ئۇيغۇرلار! روھىيىتىمىزغا مايلىق قۇرتتەك چاپلىشىۋالغان تالاي ئىللەتلەر بىلەن، نادانلىق ۋە قالاقلىق ئاسارىتىنىڭ قارا ئاسمىنىدا ھايۋان كەبى قۇللارچە ھەممىگە «خوش، خوش .... » دەپ ھايات كەچۈرىۋاتىمىز. بارا - بارا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ، ئاستا - ئاستا تەكلىماكاننىڭ قۇم دۆۋىلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىۋاتىمىز.

ئىنسانغا يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ماكاندىن باشقا مۇھىم مىللىي روھىيەت ۋە روھىيەت ئوزۇقى لازىم ئىدى. ئەمما خەلقىمىز ئەمدىلىكتە ماددى ۋە مەنىۋى ھەممىدىن مەھرۇم ۋە قۇرۇق قول قالدى. خەلقىمىزنىڭ بۇ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ ئۆزىمىزدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىغۇمىز كېلىدۇ. ئەمما بىزنىڭ يىغىمىزغا قۇلاق سالىدىغان، ھالىمىزغا ئىچىنىپ مەسىلىمىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىم بار؟ ئامېرىكىمۇ، تۈركىيەمۇ، يا باشقا بىرسىمۇ، ياكى بولمايدۇ قاتتىق زەخمىلىنىپ، پەلەج ھالغا چۈشۈپ قالغان بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلام دۇنياسىمۇ؟ ياق! بۇلارنىڭ ھېچ بىرىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە، دەرت - ئەلەملىرىمىزنى ئېيتىپ يىلىنىشىمىزغا ئەرزىمەيدۇ. بەلكى بۇنداق قىلىش بىرىنچىدىن ئېتىقاد قارىشىمىزغا توغرا كەلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن بۇلارنىڭ ھازىر بىزگە قاراشقا، بىزنىڭ مەسىلىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چولى تەگمەيدۇ. چۈنكى ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يېتىپ ئاشقۇدەك ئىشى، ھەل قىلمىسا بولمايدىغان ئىچكى ۋە تاشقى بىرمۇنچە مەسىلىسى بار. شۇ سەۋەبلىك بىز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ سۆزى بويىچە، ھاياتلىق مەشغۇلاتىمىزنى تەنھا ئۆزىمىز ھەم ئۆزگىچە يول بىلەن ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزنىڭ بىردىنبىر جاۋابكارى پەقەت ئۆزىمىز. ئۇنداقتا قۇتۇلۇشىمىز ھەم ئۆزىمىز بىلەن بولىدۇ. چىشىمىزنى چىشلەپ، ئۆز مەشئىلىمىزنى ئۆزىمىز يورۇتۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، بۇ يۈنىلىشنى سۆز ۋە ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتىمىز بىلەن قانچىلىك ئەمەلىلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى سۈرۈسەك شۇنچىلىك نۇر ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. رەھمەت قولى بىزنى بىز ئىچىدە بوغۇلۇپ قالغان بۇ قورقۇنچلۇق ئېقىن قايىنىمىدىن تارتىپ قۇتۇلۇش قىرغاقلىرىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئىنشائاللاھ.

ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى بىزگىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئامانسىز ۋە ئىمانسىز پالاكەتلەر بىلەن سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاۋۋال باشلاپ، مىللەتچە نەدىن نەگە كەلگەنلىكىمىزنى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نەدە ئىكەنلىكىمىزنى، نىشان ۋە غايىمىزنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆزدىن كەچۈرىشىمىز، بارلىقىمىز ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئاساسلىق ئېنېرگىيىسى ئۈستىدە جىددى

بىر شەكىلدە توختىلىشىمىز، كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي راھەتسىزلىكلىرىمىزنىڭ سەۋەب ۋە ئىللەتلىرىنى ئانالىز قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىپادىسى بويىچە(1) ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئارىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز ئالدىنقى مەسىلە بولۇپ قالىدى. چۈنكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدا، سىلەر ئۆزەڭلارنى ئۆزگەرتىسەڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرنى ئۆزگەرتىدۇ - دەپ ئېنىق بىلدۇرۇلمەكتە. بۇ مەسىلىنىڭ سەلبى ۋە ئىجابى تەرىپى ئوخشاش. شۇ سەۋەبلىك بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ ئاللاھنىڭ دىنىغا قايتىشىمىز، شەكلىي مۇسۇلمانلىقنى تاشلاپ ھەقىقىي مۇسۇلمانلىققا خاس، ھەرىكەت مىزانىمىزنى، ئەخلاق ئۆلچىمىمىزنى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلىرىمىزنى پەقەت ئىسلامىيەت كۆرسەتكەن يول ۋە مېتود بويىچە ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەكسى ھالدا بېشىمىزدىكى خارلىق ۋە خورلۇق ئېلىپ كېلىدىغان تۇمانلىق بۇلۇتلار ھەر زامان ئەگىپ تۇرىۋېرىدۇ، ھاۋا كىلىماتىمىز ماددىي تەرەپتىن كىرلەنگىنىدەك، مەنىۋىي ھاۋا كىلىماتىمىزمۇ قارىيىپ كېتىۋېرىدۇ. روھى ئاسمىنىمىزدا چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلار تۇكۇلگىنىدەك ۋىجدانىمىزدا نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئاي ۋە قۇياش تۇتۇلغان ھالدا قېلىۋېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بىزنىڭ يەر شارىدا ياشىشىمىز ئىنسان پىترىتىگە خاس ياشاش پىرىنسىپىغا كۆرە توغرا كەلمەيدۇ.

مەن يۇقىرىقىلارنى تىلغا ئېلىش بىلەن خەلقىمىزنى ياكى خەلقىمىز ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا سەپەرۋەر بولغان قېرىنداشلىرىمىزنى، دىنداشلىرىمىزنى، مىللەتداشلىرىمىزنى ئەيىپلىمەكچى ئەمەسمەن. ئۇلارنى ئەيىپلەشكە ھېچ بىرىمىزنىڭ ھەققى يوق. بەلكى ئۇلارنى تەقدىرلەپ ئالقىشلاش، ماددى ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردە قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەتەن، مىللەت، دىن ئۈچۈن ھەقىقىي جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان، ئوتتەك قىزغىن بۈرچ تۇيغۇسىغا ئىگە ئالىملار، سىياسەتچىلەر، زىيالىلار، يازغۇچىلار، كىتاب نەشىر قىلىپ، ئۇيۇقىمىزنى نۇرلاندۇرىۋاتقان مائارىپ پەرۋەر ئەربابلىرىمىز بار. بىز بۇلار بىلەن پەخىرلىنىمىز ۋە قەدىرلەيمىز. دىن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇنداق شەرەپلىك ئۇلۇغ ئىشلار پەقەت ئەركسۆيەر قەھرىمان ئەزىمەتلەرگە مەنسۇپ.

لېكىن، شۇنىڭغا دىققىتىمىزنى مەركەز-لەشتۈرمەي تۇرالمايمىزكى، ئۇلارنىڭ ئۆزاق مەزگىللىك خىزمەت جەريانىدا قىلغان ئەمگىكىنى ۋە تۆلىگەن بەدىلىنى نەتىجە ئېتىبارى بىلەن دەڭسەپ كۆرىدىغان بولساق، بەختىسىز خەلقىمىزنىڭ قول - پۇتىنى چىڭ چۈشەپ، ھايات يوللىرىنى ھارام قىلىپ كەلگەن قاراڭغۇ كۆنلەرنىڭ كۆلپەت زەنجىرلىرىنى قىمىرلىتىشقا چامى يەتمىگەنلىكىنى كۆرىۋالايمىز. بۇنىڭ ئاساسلىق ئامىلىنى بوگۈنكى ئاڭ سەۋىيەسى يۈكسەكلى بويىچە ئانالىز قىلغاندا، بىزنىڭ يەنى ھەممىمىزنىڭ روھى ئالىمىمىز ماددى دۇنيانىڭ

(1) «ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۆزگەرتمەيدۇ.» سۈرە رەئد ١١ - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەخلەت تۈزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانلىقى، ئەقلىيەت بابىدا گالدۆڭلۈقتىن ئاشىنالمىغانلىقى، تاشقى ۋە ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ ئويۇنى ۋە نىشانى، غەرىزى ۋە پىلانىمۇ، بىزنى ئاداققىچە مەھكۇملۇقنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا دەپسەندە قىلىش بولغانلىقىنىڭ موللۇق مەھسۇلاتى - دەپ يەكۈن چىقارساق خاتالاشمايمىز.

شۇ ھەقىقەتنى ئەسلا ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى، ئەسلىدە ھەرقانداق بىر ئىشتا مۇھىمى نەتىجىگە ئېرىشىش ئەمەس، ھەق ۋە دۇرۇس يولدا يۈرۈش ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ، كۆڭلىگە پۈككەن غايىسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ دەپ ھېچكىم كېسىپ ئېيتالمايدۇ. ھەتتا مۇتلەق ھەقىقەت ھامىسى، گۇناھ قىلىشتىن ئۇزاق، خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن خالى پەيغەمبەرلەرمۇ، ھەممىسى دۇنيادا ئۆز مەقسىتىگە يېتىپ نىشانىنى ۋە غايىسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغان ئەمەس. نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ زات ئۆز قەۋمىنى 950 يىل كېچە - كۈندۈز ياخشىلىققا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، پەقەت بىر قانچە ئەگەشكۈچىلىرىدىن باشقا ھەممىسى كۇپرى، زالالەت سېپىدىن ئايرىلماي نەتىجىدە توپان بالاسىدا ھالاك قىلىنغان. شۇنىڭدەك سالىھ ئەلەيھىسسالام، ھۇد ئەلەيھىسسالام، لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىغان نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە، نىشانىغا، غايىسىگە يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن. ھەتتا بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرمۇ ئەگەشكۈچىسى بولمىغان. بۇ پەيغەمبەرلەر كۆرۈنۈشتە غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار بۈيۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگۈچىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ھەرقانداق ماددىي ۋە مەنىۋىي مەنپەئەت ۋە ھەۋەس - تۈيغىلار توقۇنۇشىغا تاقىلىپ قالماي، «مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىن سورايمەن»(1) دەپ، خالىس نىيەت ۋە سەمىمىي ئىخلاس بىلەن، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى ۋە كۆرسەتكەن يولى بويىچە ئېلىپ بېرىپ، نەتىجىدىن مەيۇسلەنمەي، قارشىلىقلاردىن قورقماي، قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، تاپا - تەنە ۋە مالامەتلەرگە پەرۋا قىلماي ئاخىرقى تىنىقىغىچە جاپالىق ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ھەقىقىي غالىپلار سۈپىتىدە ئاللاھ تەئالانىڭ ئەڭ مۇكەررەم ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرى بولۇپ، كاتتا مۇكاپات، ئالىي شەرەپ، ۋە يۈكسەك ماقامغا سازاۋەر مۇبارەك زاتلاردۇر.

يېقىنقى ئەسىر تارىخىمىزنى سالماقلىق بىلەن ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، مۇھەممەد ئەلى ئەپەندىم، ئابدۇلقادىر داموللام، سابىت داموللام، مۇھەممەد ئەمىن ھەزرىتىم، چىڭگىزخان داموللام، ئابدۇل ھېكىم مەخسۇم ھاجىمدەك كاتتا ئىلىم ئەھلىلىرىمىزنىڭمۇ ئۈمىد زەنجىرلىرى قەرەلسىز ئۈزۈلۈپ تاشلانغانلىقىنى، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي ھەسرەتلىك ئەلەم ۋە دەھشەتلىك غەم - قايغۇ ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلار دۇنيادا ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەي، خەلقىمىزنىڭ ھالى «يەنە نىمە بولا؟» دېگەن ئەندىشە ئىچىدە بۇ پانىي ئالەم بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقان. بىر

(1) سۈرە يۇنۇس 72 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ مۇبارەك زاتلارنى جانابى ئاللاھنىڭ رەھمەت دائىرىسىگە كىرىدۇ، بۈيۈك دەۋا يولىدا سەپەرۋەر بولغان پەيغەمبەرلەر بىلەن، شېھىدلار بىلەن جەننەت باغچىلىرىدا بىرگە بولىدۇ دەپ، ئۈمىد قىلىمىز ۋە شۇنداق بولۇشىنى ھەر ۋاقىت ئاللاھ تەئالادىن تىلەشنى ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ، بىلىمىز.

دېمەك، ھەرقانداق ئۇلۇغ غايە ۋە بۈيۈك ئېدىئال يولىدا يۈرگەن ۋە يۈرىۋاتقان ئەزىمەتلىرىمىز، قەھرىمانلىرىمىز، سىياسەتچى ۋە مائارىپچى رەھبەرلىرىمىز، جۈملىدىن مۇقەددەس دىنىمىز، مۇبارەك ۋەتىنىمىز، ئەزىز مىللىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىگە مەنسۇپ پۈتۈن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەمىگە شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، خىزمەت يولىدا، ۋەزىپە جەريانىدا بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىپ غەلىبە قازىنالمىغانلىقىمىزغا مەيۈسلەنمەسلىكىمىز، چۈشكۈنلىشىپ خىزمەت مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقماسلىقىمىز لازىم.

نەتىجىگە ئېرىشىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرى، توغرا يولدا بولۇش، قىلماقچى بولغان ئىش ۋە پىلانىنى بىلىش، سەممىيەت بىلەن ئىشلەش، پۈتۈن ئىش - ھەرىكىتىدە، پىلانىدا، نىشانىدا، غايىسىدە ھەتتا ھېس - تۇيغۇ ۋە پىكىر - قارىشىدا پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى چىقىش قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر ۋە نەتىجىگە ئېرىشىپ بۈيۈك غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ نېگىزلىك شەرتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىدە مۇھىم نۇقتا شۇكى، ۋەزىپە ۋە خىزمەت ئۈستىدىكى شەخسلەرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئىرادىسى، غەيرىتى، تىرىشچانلىقى، بولۇپمۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىخلاسمەنلىكى ئاخىرقى نەتىجىدە ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا مۇيەسسەر قىلىشنى خالىغان كىشىنىڭ نىيەت - ئىستىقبالىغا قاراپ، كۆرسەتكەن سەئي - ئىجتىھادىغا كۆرە نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، بىز ئۆزىمىزنى كىشىلەرگە ھەيۋەتلىك سىياسى ئەرباب كۆرسىتىش ئۈچۈن، تۇنۇش - بىلىشلىرىمىز ئارىسىدا سىرلىق كۆرۈنۈپ، ياكى ياسالمىلىق بىلەن ئاغزىمىزدىن سىياسى ئاتالغۇلارنى چۈشۈرمەي، سىياسەت ۋەكىلى ۋە ھەقىقەت ئۆرنىكى بولىۋېلىپ، ۋەتەن، مىللەت ۋە دىن نامى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتەك رەزىللىكلەردىن تامامەن ئۆزىمىزنى تارتمىساق، ئېرىشكەن ۋە ئېرىشمەكچى بولغان ھەرقانداق كاتتا نەتىجە ۋە بۈيۈك غەلىبىلەر ئاخىرقى ھېسابتا بىزگە پايدا بەرمەيدۇ. بۇ يولدا ئىنساننىڭ بىر قىسىم ماددى مەنپەئەتىدىن پىداكارلىقتا بولۇشى تەلەپ قىلىنغىنىدەك مەنىۋىي مەنپەئەتلىرىدىنمۇ پىداكارلىق كۆرسىتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزنى ئىمان، ئىخلاس مەشئىلى بىلەن يورۇتۇپ، رىيادىن، غورۇردىن، مەنمەنچىلىكتىن ساقلانمىساق، ماقام، مەنسەپ تەمەسىدىن قۇتۇلالمىساق، مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكىدىن، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدۋار بولغىلى بولمايدۇ.■

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىر مۇستەملىكىنىڭ شەكىللىنىشى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى ئايۇپ

**مەزكۇر ئەسەر خاۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتۇرى تەرىپىدىن يېزىلغان، تارىخىمىزغا دائىر داڭلىق بىر ئەسەر بولۇپ، كىتاب ئاپتورىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى ئۇقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن. كىتابتا قىزىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن نوقتىلار بار. مىسالەن، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشىدا روسلار ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ «تۆھپە»لىرى، ئۆزىنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇيغۇردىكى ۋەكىلى دەۋالغانلارنىڭ مىكىر ۋە زىيانكەشلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشىدىكى مەخپىيەتلىكلەر، چارپادىشاھ ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەتىنىمىزنى مۇنقەرىز قىلىشى… مەزكۇر كىتاب ئۇيغۇرنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۆزگەرتكەن ئۆزىدىكى ۋە دۇنيادىكى كۈچنى ياخشى چۈشىنىپ ئەتىگە يۈزلىنىشىدە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ئىبرەت، تەجرىبە ۋە ساۋاقلار بىلەن تولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.**

**كىتاب يېقىندا تولۇق نەشر قىلىنماقچى. ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.**

* * * * * * *

1850 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا چىڭ ئەمەلدارلىرى ئىمپېرىيەنىڭ غەربىي چېگرالىرىنى شۇندىن يۈز يىل بۇرۇن چىيەن لوڭ زامانىسىدىكى گېنېراللار بېسىۋالغان يېڭى تۇپراقلارنىڭ ئۆزى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇلارنىڭ خىيالىدا چىڭ ئىمپېرىيەسى مۇتلەق ئۈستۈن بولۇپ، ئەتراپتىكى قازاق سۇلتانلار، قوقان خانلىرى، بەدەخشان ھاكىملىرى، ھەتتا ئافغانىستان پادىشاھلىرىمۇ ئۇلارنىڭ تەڭرىنىڭ ئوغلى دەۋالغان شاھىغا

ئۆلپان تاپشۇرۇپ باش ئەگكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇنداق يېزىۋېلىنغان بايانلار تەپسىلىي ئىزدىنىشلەرگە پايلىمايدۇ. بىر قانچە قېتىملىق قوقاننىڭ تاجاۋۇزى ۋە يەرلىكلەرنىڭ ئىسيانىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنى كۈچەيتكەن بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دىپلوماتىيەسىگە ئارىلىشىپ بولالماس ھالغا قالغان. چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنجانلىق تىجارەتچىلەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى نۇرغۇن ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلغان بولۇپ، بەزىلەرنىڭ تەبىرىچە بۇ خىتاي تارىخىدىكى تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ باشلىنىشى ئىكەن. ئەلۋەتتە بۇ چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقا چېكىنمىچىلىكى ئالدىدا ئانچە چوڭ مەسىلە ئەمەس. چىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شەرتنامىلەردە قوقان بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئويلاشمىغان.

يىگىرمە يىلدىن كېيىن ۋەزىيەت پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزگىرىپ كەتكەن. 1864-يىلى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى بولۇپ، 1877-يىلى تەگرىتاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلار رايونلىرى قايتا ئىستىلا قىلىنغان ۋە بۇ رايون تاكى 1884-يىلى ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغىچە ئەڭ خەۋپلىك بولۇپ قالغان. بۇ ۋاقىتتا روسىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى تازا كۈچەيگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزى رايوننى بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇش قەستى بىلەن روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش غەرىزى بىر ۋاقىتتا توغرا كەلگەن. نوپۇسىنىڭ ئېقىشى كۈچىيىپ روسىيە چىڭغا قارام تۈركىستاندىكى، چىڭ سۇلالىسى روسىيەگە قارام تۈركىستاندىكى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ساداقىتىدىن ئەنسىرەشكە باشلىغان. ھالبۇكى، مەدەنىيەتتە ئورتاق ئەنئەنىگە ئىگە بۇ خەلقلەرنى بىر - بىرىدىن يىراق ئۆز ئۆزگەرۈپ، ئەزەلدىن ئىزچىل مۇناسىۋەتتە بولۇپ باقمىغان يات مەدەنىيەتتىكى ئىككى ئىمپېرىيەگە سادىق قىلىپ چىقىش ئاسان ئەمەس ئىدى. روسىيە ئۆز پۇقرالىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ مۇستەملىكىچىلىك پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلدى. ئەنجانلىق سودىگەرلەر بۇ پائالىيەتلەردە ۋاستىچىلىق رولىنى ئوينىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خىتاينىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدا بولۇپ باقمىغان ئاقساقال تۈزۈمى بارلىققا كەلدى.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسيانى

1864 - يىلى خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلار گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق يەرلەردە ئىسيان كۆتۈرۈپ تەسىرىنى غەربىي شىمالغىچە كېڭەيتتى ۋە چىڭ ئەمەلدارلىرىنى باستۇرۇشتا ئامالسىز قويدى. كورىيەلىك تارىخچى كىم خودۇڭنىڭ قارىشىچە ئېغىرلاشقان باج، باشقۇرۇشتىكى ناچارلىق قوزغىلاڭغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ تۇڭگانلىرى ئارىسىدا تۇڭجى (1861 - 1875) خانىنىڭ تۇڭگانلارنى قىرىپ تاشلاش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى دېگەندەك مىش - مىش گەپلەر مۇسۇلمانلارنى قوزغاتقان. كۇچا، ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭلار يەرلىك سوپى ۋە مولللارنىڭ باشچىلىقىدا غەلىبىلىك بولغان بولۇپ، يىراقتىكى قوقانمۇ بۇ خەۋەردىن مەھرۇم قالغان ئەمەس. 1860 - يىللاردىكى قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭ ئۇچكە بۆلۈنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، قەشقەرنى پايتەخت قىلغان ياقۇپ بەگ دۆلىتى، غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئىلى سۇلتانلىقى ۋە تۇڭگانلارنىڭ ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىدى.

ياقۇپ بەگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇزى قوقاندا مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان قەشقەرلىك خوجىلارنىڭ تولا تەكرارلانغان ئىسيانلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ، پەقەت ياقۇپ بەگ ۋەكىل بولۇۋالغان. ئەسلى ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىمۇ روسىيەنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 1865 ـ يىلى چار پادىشاھ ئارمىيەسى تاشكەنتنى بېسىۋالغان، خىۋە خانلىقى ۋە بۇخارا ئەمىرلىكى روسلارغا قارام بولۇشقا مەجبۇر بولغان. تاشكەنت ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ بېشى بولغان ياقۇپ بەگ، قوشۇننى باشلاپ كېلىپ قوزغىلاڭنىڭ سېپىگە قوشۇلغان ۋە بىر دۆلەت قۇرۇپ چىققان. ياقۇپ بەگ ئاۋۋال قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق موھىم شەھەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇنلىرىنى باشلاپ خوتەننى ئالغان ۋە كۇچانى بويسۇندۇرغان. تەسەررۇپىغا ئۆتكەن يەرلەرگە ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن كىشىلەردىن باج يىغقۇچى ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەن. جەنۇبنى ئىستىلا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ كۆزىنى شىمالغا تىككەن. ئۈرۈمچىدە داۋۇت خەلىپە ئىسىملىك بىر تۇڭگان ھاكىمىيەت قۇرغان بولۇپ، ئۆزىنى مۇسۇلمانلار شاھى دەپ ئاتايتتى. 1865 ـ يىلى كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپىدىكى باشقا شەھەر، يېزىلارنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. بەزى تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ شەنشى ۋە گەنسۇلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن جەھرىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ دېگەن قاراشلار مەۋجۇت. ياقۇپ بەگنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىغان داۋۇت خەلىپە 1869 ـ يىلى چار پادىشاھلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ يازغان. 1872 ـ يىلىغا كەلگەندە داۋۇت خەلىپىنىڭ روسىيەدىن ئۈمىدى كېسىلگەن ۋە ياقۇپ بەگنىڭ قوشۇنلىرى ئۈرۈمچىنى ئىستىلا قىلغان.

ئىلى ۋادىسىدا قوزغالغان تارانچىلار ئىچىدىن ئەبۇ ئەلا ئىسىملىك بىر كىشى تەدرىجىي رەھبەرگە ئايلىنىپ مۇستەقىل ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلغان. جەنۇبتا قۇرۇلغان ياقۇپ بەگ دۆلىتىنىڭ ئەكسىچە ئىلى سۇلتانلىقى تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان پۇقرالار ئىمان ئېيتىشقا زورلانمىغان. ئىلى سۇلتانلىقى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش بەگلەر بىلەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاش قىلىپ قازى ئەسكەر (ئەسكىرى سوتچى) تۈزۈمىنى يولغا قويغان. سۇلتاننىڭ تامغىسى ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە مانجۇچە يېزىقتا بولۇپ، ئوردىسىغا مانجۇلارنىڭ ئەل بولغان بايراقلىق قوشۇنىنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن. ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ بۇ تەدبىرلىرى بىر قارىسا ئۆزلەشتۈرۈشتەك تۇرغان بىلەن يەنە بىر قارىسا ئاجىزلىق بولۇپ قالغان. 1870 ـ يىلى ياقۇپ بەگ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلغاندا ئىلى سۇلتانلىقىغا مەكتۇپ يېزىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. ئەبۇ ئەلا ھەمكارلاشمايلا قالماستىن تۇڭگان شاھىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۇلارنى مۇداپىئەنى كۈچەيتىشكە چاقىرغان. بەختكە قارشى، بۇ خەت يەنە ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا چۈشكەن. نەتىجىدە مۇناسىۋەتكە

ياراشتۇرغۇسىز دەز كەتكەن. ياقۇپ بەگ بىلەن ئىلى سۇلتانلىقى ئارىسىدا پارتلاش ئېھتىماللىقى بولغان ئۇرۇش روسلارنى سەل ئەندىشىلەندۇرگەن.

ئالتاي ۋە تارباغاتايلاردىمۇ ئىسيان چىققان بولسىمۇ بىرەر مەركىزى ھاكىمىيەت بارلىققا كەلمىگەن. 1865 ـ يىلى چاغاندا تۇڭگانلار خىتاي ئەمەلدارنى مەسچىتكە سۆھبەتكە چاقىرىپ پىستىرما قويۇپ ئۆلتۈرگەن. ئىسيانچىلار ئاندىن بىر چىڭ ئەسكەرنىڭ قەلئەسىنى قورشىۋالغان. 1866 ـ يىلى قەلئەنى قولغا كەلتۈرگەندە قاراۋۇللارنىڭ ئاساسەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. تۇڭگان ئىسيانچىلار قازاقلارنىڭ قوللىشى بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ماناسنى بېسىپ ياتقان داۋۇت خەلپە قوشۇنلىرىغا قوشۇلغان. چىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ پۇرسەتتە بوش قالغان تارباغاتايغا بېسىپ كىرگەن ۋە موڭغۇل قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ ئالتايدىكى قازاقلارغا ۋە جۇڭغارىيەدە يۈرگەن تۇڭگان قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. ھالبۇكى، ۋەزىيەت يەنىلا تىنچلانمىغان، 1875 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن، ئەمما چىڭ ئوردىسى ۋەزىيەتنى كونترول قىلغان.

ياقۇپ بەگ دىپلوماتىك ياردەمگە ئېرىشمەك ئۈچۈن روسىيە ۋە بىرىتانىيە بىلەن سۆھبەتلەشكەن، ئەمما مەغلۇپ بولغان. 1872 ـ يىلى ياقۇپ بەگ روسىيە بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىغان، روسىيەمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئەمما ئۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى كارۋانلارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىغا چەك قويغانلىقتىن مۇناسىۋەت تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. 1874 ـ يىلى ياقۇپ بەگ بىرىتانىيەگە تەۋە ھىندىستان بىلەنمۇ سودا كېلىشىمى ئىمزالىغان. ۋەكىللەر ئەۋەتىلگەن. ياقۇپ بەگ بۇنىڭدىن ئازراق قورالغا ئېرىشكەن بولسىمۇ گەۋدىلىك بىر ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن.

ياقۇپ بەگنىڭ بىر مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشى ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە قىزىقىش پەيدا قىلغان. 1872 ـ يىلى ياش ئوسمانلار ئېقىمىغا مەنسۇپ نامىق كەمال «بۇندىن يىگىرمە يىل بۇرۇن قەشقەردە مۇسۇلمان بارلىقى بىلىنمىگەن ئىدى» دەپ ھەجۋىيلەشتۈرگەن. ئوسمان ئىمپېرىيەسى سۇلتانى ئابدۇلئەزىز (1861ـ 1876) ياقۇپ بەگنى قوللىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب پانئىسلامىزىم ئەمەس، بەلكى بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقىنى روسىيە بېسىۋالغاندىن كېيىن، كېلىپ چىققان سەلبى جامائەت پىكرىگە بېرىلگەن جاۋاب بولۇشى مۇمكىن. قەشقەردە دۆلەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ياقۇپ بەگنىڭ ۋەكىللىرى ئىستانبۇلغا يېتىپ بارغان. ئوسمان ئىمپېرىيەسى مەتبۇئاتلىرى بۇ ۋەقەلەرنى يېقىندىن خەۋەر قىلىپ تۇرغان. 1873 ـ يىلى ياقۇپ بەگ رۇسىيە ۋە بىرىتانىيەدىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە بەيئەت قىلىپ قەشقەردە سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان نامىغا خۇتبە ئوقۇتقان. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ياقۇپ بەگنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بىر قىسىم قورال ۋە ئوفىتسىر ئەۋەتكەن.

قەشقەر ـ ئىستانبۇل مۇناسىۋىتىدە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەدەتتە بولۇشى موھىم بىر ئامىل. ئەمما چىڭ ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇزى مەزگىلىدە بۇ ياردەم تېگىشلىك سانغا ۋە سەۋىيەگە ئىگە بولمىغان. 1877 ـ يىلى زو زۇڭتاڭنىڭ خۇنەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئارمىيەسى باركۆل ۋە قومۇلنى ئالغاندا ياقۇپ بەگ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئارمىيەسى پىتىراپ ھاكىمىيەت يىمىرىلگەن. ئوسمان ئىمپېرىيەسى قېچىپ چىققان بىرقىسىم قەشقەرىيە ۋەكىللىرىگە باشپاناھ بولغان بولسىمۇ، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئاشكارا قارشى چىقمىغان.

## روسىيەنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇزى

روسىيەنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالىرى شەرقىي تۈركىستان بازارلىرىغا كۆنۈك ئىدى. 1851 - يىلىدىكى رەسمىي سودىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن روسىيە مۇسۇلمانلىرى بولۇپمۇ ۋولگىلىق، سىبىرىيەلىك تاتارلارغا پۇرسەت كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تارباغاتاي ۋە غۇلجىدا بازار ئېچىشقا كىرىشكەن. بۇرۇن ئادەتتە روسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۆزىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەۋەسىدە دېيىشەتتى. 1820 - يىللاردا قازاق سۇلتانلىرى ھەتتا نېمىشقا ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋە سودىگەرلىرىنىڭ بۇ يەردە ئەنجان نامىدا ئاتىلىپ قالىدىغانلىقىدىن شىكايەت قىلاتتى. 1845 - يىلى بىر روس ئەلچىخانا خادىمى ئۆزىنى تۈركىستانلىق دەپ نىقاپلاپ غۇلجا ۋە تارباغاتايغا كەلگەن. ئەمما چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ روسىيەلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئىززەت كۆرسەتكەن ھەمدە روسىيە ئەلچىلىرىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

1851 - يىلىدىكى غۇلجا كېلىشىمى بۇرۇندىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان سودىنى قانۇنىيلاشتۇرغان. ئارىدىكى پەرق باجنىڭ ئېلىنماسلىقى بولغان. سودا مالغا مال ئالماشتۇرۇش شەكلىدە بولۇپ مارتتىن دېكابىرغىچە داۋام قىلغان. 1862 - يىلىدىكى روسىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن روسىيە قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلالايدىغان بولغان، روسىيە سودىگەرلىرى تېخىمۇ زور شارائىتقا ئېرىشكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسيانى سەۋەبلىك روسىيە كونسۇلىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەن، غۇلجا ۋە تارباغاتايدىكى تىجارىي مەنپەئەتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. قەشقەردە قوقان بىلەن باغلانغان بىر ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى روسىيەنى ئەندىشىگە سالغان بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاق چارۋىچىلار روسىيەنىڭ چىڭ تېررىتورىيەسىگە قاراپ يولغا چىققان كارۋانلىرىنى بۇلاپ كېتىۋاتاتتى. شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتكە روسىيە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن باھا بېرەتتى. ئىلى ۋادىسى بىر ئاشلىق بازىسى بولۇپ، روسىيە تۈركىستانىنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىنى قامدايتتى. روسىيە ئەمەلدارلىرى ئۆزىنىڭ «مەدەنىيلەشتۈرۈش» بۇرچى بارلىقىنى، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ يەرلىك مۇسۇلمانلارغا بۇنى قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاق داللىرىغا تۇتىشىدىغان تىنچسىز جۇڭغارىيە - روسىيە ئۈچۈن چېگرا رايونغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. دېمەك، ئىلى رايونىنى قوشۇۋېلىش روسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پىلانىغا ئايلىنىپ بولغان بولۇپ،

پەقەت قاچان بېسىۋېلىشىلا قارار قىلىنمىغان ئىدى.

1871 ـ يىلى روسىيە بىر قازاق پۇقراسىنىڭ ئىلى سۇلتانلىقى تېررىتورىيەسىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ تاجاۋۇزنى باشلىدى. كالپاۋوسكى كازاك ئەسكەرلىرى ۋە روسىيەگە سىغىنغان موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىلىغا ھۇجۇم قىلدى. ئالتە ھەپتە داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن ئىلى سۇلتانى ئەبۇئەلاخان غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى، قىلىچىنى ۋە ئۈچ تىللىق تامغىسىنى كالپاۋوسكىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. كالپاۋوسكى خەلققە ئۆزىنىڭ تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى جاكارلىغان. دۇنياغا بولسا چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان ئىسيانلارنى تىنجىتقان شارائىتتا چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇ كىشىلەرگە ئەمەلگە ئاشماس رىئاللىق بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئون يىللارغا سوزۇلغان ئىلىدىكى روس ئىستىلاسى دىپلوماتىيە تارىخىدا «ئىلى كرىزىسى» دەپ مەشھۇر بولدى.

روسىيە ئىلى سۇلتانى ئەبۇئەلانى ۋېرنى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا سۈرگۈن قىلىپلا قالماي ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئىچىدىن ئۆزگە شېرىكمۇ تېپىپ بولغان ئىدى. تاجاۋۇزدىن بۇرۇن روس ئەلچىسى تۆرە ۋون كولبارس ئىلى سۇلتانلىقى ئوردىسىدا دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ئوردىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇچى كىشى بۇشرى خەلىلوۋ بولۇپ كىشىلەر «بۇشرى خەۋىپ» دەپ ئاتىشاتتى. بۇشرى ئىلى سۇلتانلىقى ئوردىسىدا ئىمتىيازلىق شەخس بولۇپ، چوڭ باي ئىدى. (ئىلى قوزغىلىڭى ۋاقتىدا بايلارنىڭ باشچىسى دەپ نام ئالغان). كولبارس ئىلىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا بۇشرىغا دۈشمەننى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرىدىغان بىر دۇربۇن ھەدىيە قىلغان. بۇشرى دۇربۇننىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن. ئالتە ئايدىن كېيىن چارروسىيە ئارمىيەسى سۈيدۈڭنى بېسىۋېلىپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييار بولغاندا بۇشرى سوغۇرۇلۇپ چىقىپ شەھەرنىڭ مۇداپىئەسىز قالغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

چارروسىيە ئىلىنى ئالغاندىن كېيىن ئەلاخان سۇلتاننىڭ ئورنىغا ھاكىمىيەت تىكلىگەن. ئۇلار ئىلىنى رايونلارغا بۆلۈپ باشلىقلارغا ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەن. يېزا ـ قىشلاقلاردىن ئاقساقاللارنى تەيىنلەپ تارانچىلارنى باشقۇرغان ۋە بۇنى تۇڭگان، قازاقلارنى باشقۇرۇشتىمۇ قوللانغان. چىڭ سۇلالىسى زامانىدىن قالغان كىيىنىشلەر ئۆزگىرىپ ئەرلەر سائەت تاقايدىغان، ئاياللار مېداليون ئاسىدىغان بولغان. خىتايچە، روسچە ۋە ئۇيغۇرچە دەرس بېرىدىغان مەكتەپ سۇلتان ئەلاخاننىڭ ئوردىسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، روس تىلىدىن دەسلەپكى ساۋات بېرىلگەن. يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىلىنىڭ چوڭ قازىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان.

غۇلجا ئاقساقال ئارقىلىق باشقۇرۇلغان، نامدا سايلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما غۇلجىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئاقساقىلى بۇشرى بىر ئېلان قىلىنغانچە دەۋران سۈرگەن. تېخى ياش بولۇشىغا قارىماي كوچا ۋە بازارلاردا نوپۇزىنى تىكلىگەن. 1873 ـ يىلى بۇشرى بىلەن كۆرۈشكەن ئامېرىكىلىق دىپلومات ئىجىن سكۇيلېر «ھەممەيلەن ئۇنىڭغا

قەرزدارەدەك مۇئامىلە قىلىدىكەن» دەپ يازغان. ئۇنىڭ تەسۋىرلىشىچە شەھەر باشلىقى بۇشرى خەلىل، بۇشرى خەۋىپ دېگەن نامغا لايىق ئادەم ئىكەن. بۇشرى بەلكىم ئەينى چاغدا باشقا چەت ئەل دىپلوماتلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ سىكۇيلېرنى ئۇيغۇر ۋە خىتاي مۇزىكىلىرىدىن بەھرىلەندۇرگەن. كازاك ئوفىتسېر كوروشكىنغا خىتاي چاكچىلىسىنى راۋان تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. ھەتتا ئۇ زو زوڭتاڭ ئارمىيەسى بىلەن روسىيە رەۋەندىلىرى ئارىسىدا بىدىك بولغان.

## چېگرا سودىسى ۋە بايلارنىڭ كۆتۈرۈلىشى

چىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن باشلانغان روسىيە ئىستىلاسىدىن كېيىن جەنۇب ۋە شىمال ئارىسىدىكى ئالاقە كۈچەيدى. يەرلىك سودىگەلەر ئۈزۈلۈپ قالغان تىجارەتنى جۇڭغار موڭغۇللىرى دەۋرىدىكى ھالغا كەلتۈردى. 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تارىم ۋادىسىدىكى تىجارەتچىلەر جەنۇب - شىمال سودىسىنى تىزگىنلىگەن بولۇپ، چىڭ زېمىنى، روس تېررىتورىيىسى ۋە جۇڭغارلار كونترول قىلىپ تۇرغان رايونلارنى بىر - بىرىگە باغلىغان. بىراق 1750 - يىللاردىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزى سەۋەبلىك بۇ نەپلىك سودا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. روسىيە تامۇژنىسىنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا 17 - ۋە 18 - ئەسىردە تۈركىستاندىن روسىيەگە ئېكسپورت قىلىنغان ئەڭ ئالقىشلىق مەھسۇلات ئىركەتچىن دەپ ئاتىلىدىغان توقۇلما بولۇپ، 1747 - يىلى 150 مىڭ تاي ئىركەتچىن سىبىرىيەگە توشۇلغان. بىراق 1752 - يىلى 90 پىرسەنت قىسقىراپ 15 مىڭ تايغا چۈشۈپ قالغان. 1753 - يىلىغا كەلگەندە ئېكسپورت پۈتۈنلەي توختىغان.

چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن يەرلىك تىجارەتچىلەر ئاشلىق سودىسىدا بىر يوچۇقنى بايقىغان. بىراق چىڭ ئارمىيەسى شەرقىي تۈركىستانغا پۈتىنى تىقىپلا ئېھتىياجىنى خىتاي ۋە تۇڭگان سودىگەرلەر ئارقىلىق گەنسۇدىن قامدىغان. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگان ۋە خىتاي سودىگەلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا بازىرى ئېچىلغان. پەقەت ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەر ئۇلپان تاپشۇرۇش باھانىسىدە بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرىنى پايتەختتە ساتالايتتى. بىراق بۇنداق ئۇلپانغا ياندىشقان سودا كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ تاللىشى ئەمەس ئىدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كۈچلەنگەن خەۋپسىزلىك ئەندىشىسى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستاندىن غەرپكە ماڭغان كارۋانلار قاتتىق تەكشۈرۈلەتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلار شەرقكە يۈزلەنگەن سودىدا تۇڭگانلار بىلەن، غەربكە يۆزلەنگەن تىجارەتتە ئەنجانلىقلار بىلەن رىقابەتلىشەلمەيتتى. 1850 - يىللاردا قەشقەرگە كەلگەن روسىيە ئىشپىيۇنى چوقان ۋەلىخانوپ تىجارەت ئەھۋالىنىڭ خاراپلىقىنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇماتىچە شۇ چاغدا قەشقەردىكى ئەڭ باي كىشى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ شەيخى ئىكەن. ئۇنىڭ بايلىقى كىشىلەرنىڭ زاكات، ئۆشرە ۋە سەدىقىلىرىنى مەنبە قىلىدىكەن.

ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر چىڭغا قارشى ئىسياندىن خېلى زور پايدىغا ئېرىشكەن بولۇپ، روسلار شىمالدا بەرپا قىلغان سودا مەركەزلىرى ئارقىلىق تىجارىتىنى

روسىيەگە تەۋە تۈركىستانغا كېڭەيتكەن. 1874 ـ يىلى ياقۇپ بەگنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن برىتانىيە دىپلوماتى دوگلاس فورسىت قەشقەردە 15 چوڭ باينىڭ بارلىقىنى تىزىمغا ئالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئونى ئەنجانلىق، بەشى قەشقەرلىك بولۇپ، ئەنجانلىقلار قەشقەرلىكلەر بولمىسا تىجارەت قىلىپ كېتەلمەيدىكەن. چۈنكى قەشقەرلىكلەر تىجارىتىنى روسىيە دائىرىسىگە كېڭەيتكەن بولۇپ، شۇ يەردىن خادىم يالالاپ ئىشلەتكەن. روسلارنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا قەشقەردىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئاساسلىق مال ماتا دەپ ئاتىلىدىغان بىر توقۇلما بولۇپ، 1876 ـ يىلى گەرچە ياقۇپ بەگنىڭ ئاجىزلاشقان دەۋرى بولسىمۇ روسىيەگە يۆتكەلگەن مال 890 مىڭ رۇبلى قىممىتىدە بولغان. 1870 ـ يىللاردا روسىيەدە پۇت دەسسەپ تۇرالىغانلىقى قەشقەر بايلىرىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. فورسىت قەشقەردە كاپىتالى 100 مىڭ تىللادىن ئاشىدىغان ئاخۇنبايلار جەمەتىنى بايقىغان. بۇ جەمەت ئېكسپورت ـ ئىمپورت سودىسىدا 60 يىلدىن ئارتۇق دەۋران سۈرگەن بولۇپ يەرلىكنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا روسىيە مەھسۇلاتلىرى يەرلىكلەرنى سودا پۇرستى بىلەن تەمىنلىگەن. يەرلىك سودىگەرلەر چىڭ ئارمىيەسى بىلەن روسىيە شىركەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا قىلىپ كۆتۈرۈلگەن. چىڭ ئارمىيەسى گەنسۇدىكى تۇڭگانلارنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن ئوردىدا تەڭرىتاغنى بويلاپ ھەرىكەت قىلامدۇق، ياكى چەكلىك مەبلەغنى جۇڭگونى مۇداپىئە قىلىشقا سەرپ قىلامدۇق، دېگەن تېمىدا مۇنازىرە بولغان. بۇ چاغدا يىراق غەربىي شىمالدىكى لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان زو زوڭتاڭ ئارمىيەسىنى قامداشتا قىيىنچىلىقتا قالغان ئىدى. ئەينى چاغدا گەنسۇدىن ئاشلىق يۆتكەشكە ۋاقىت جىق كەتكەنلىكى ئۈستىگە قىممەت توختايتتى، شەنشى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرى قۇرۇقدىلىپ قالاي دەپ قالغان ئىدى. زو زوڭتاڭ ئوردىدا ھەر قانچە مۇنازىرە قىلىپ ئۇرۇنۇپ كەتكەن بىلەن قوشۇنىنىڭ تەمىنات مەسىلىسى ھەل بولمايۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا روسىيەنىڭ بىر ئىلىم ۋە سودا ئۆمىكى گەنسۇ ئارقىلىق سىبىرىيەگە ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ختاينىڭ غەربىدىن ئۆتۈپ سىبىرىيەگە بارىدىغان بىر سودا يولىنى ئېچىش ۋە ئىلىدا بىر بازا تەسىس قىلىپ ختاينىڭ باشقا رايونلىرىغا كىرىش ئىدى.

روسىيە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى سوسنوۋىسكىنىڭ تىرىشچانلىقى بىكارغا كېتىپ روسىيەگە قۇرۇق قول قايتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ يول ئېچىشىغا قاراپ قالغان سودىگەرلەر سىبىرىيەگە مەبلەغ سېلىشتا ئەنسىزلىككە چۈشكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ زو زوڭتاڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى قارار قىلدى. ئۇ زو زوڭتاڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ 1875 ـ يىلى مىڭ توننا ئاشلىق، 1876 ـ يىلى ئۇنىڭ يېرىمچىلىك ئاشلىق سېتىپ بېرىدىغان بولدى. توختامغا ئاساسەن زو زوڭتاڭ خوڭكوڭ ـ شاڭخەي بانكىچىلىق شىركىتى بىلەن بىر يۈرۈش قەرز كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ توختام تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى باشقا خادىملارنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار بۇنىڭ نەتىجىسىدە ختاينىڭ غەربىي شىمالدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆرۈشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، روسىيەنىڭ ئىلىدىكى مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشتى. ئۇمەك روسىيەگە قايتقاندىن كېيىن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ماقالە ئېلان قىلىپ زو زوڭتاڭ بىلەن تۈزۈلگەن توختامنى خاتاغا چىقاردى ۋە بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشنى مەغلۇبىيەتلىك دەپ ئېلان قىلىشتى.

سوسنوۋىسكىغا ھەمدەم بولغان كىشى تومىسكىلىق بىر سودىگەر بولۇپ، ئىسمى ئىۋان فېئودوروۋىچ كامېنىسكى ئىدى. ئۇ سوسنوۋىسكىنىڭ خىتاينىڭ غەربىگە يۈزلەنگەن سودا يولىنى ئېچىش پىلانىغا قىزىققان ئىدى. 1876 - يىلى ئۇ روسىيەگە تەۋە تۈركىستاندىكى ئەمەلدارلارغا «خىتاي ئارمىيەسىنىڭ پۈتۈن لىنىيەدىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ھوقۇقى مېنىڭ قولۇمدا» دېگەن. ئۇ ئاشلىقنى يوللاشتىن بۇرۇن روس ھۆكۈمىتىدىن چىڭ سۇلالىسىنى سودىدا يول قويۇشقا قىستاشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ: «مۇشۇ ئايدىن باشلاپ ئەگەر روسىيە چىڭ سۇلالىسىنى كېلىشىمگە كەلتۈرەلمىسە سودىمىز ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرايدۇ» دېگەن.

كامېنىسكى ئۇنچە ئۆزىگە ئىشەنگەن بىلەن سىبىرىيەدە ئېھتىياجغا لايىق ئاشلىق بولمىغاننىڭ ئۈستىگە تۇڭگان باندىتلىرى يولغا پىستىرما قويۇپ تۇنجى ئاشلىق يۆكلىگەن كاراۋاننى بۇلاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غۇلجا بازىرىغا كۆز تىككەن. غۇلجىدىكى بۇشرى ئاقساقالنىڭ ياردىمى بىلەن ئاشلىق بازىرىغا كىرگەن، شۇنداقلا يەنە شۇ ۋاستە بىلەن قەشقەر سودىگەرلىرىدىن ۋەلى باي بىلەن شېرىكلەشكەن. كامېنىسكى، بۇشرى ۋە ۋەلى باي ماناستا بارگاھ قۇرۇپ ئاچ قالغان چىڭ ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق سېتىپ ۋە توشۇپ كاتتا بايلىققا ئېرىشكەن. ئۇلار يەنە زو زوڭتاڭنىڭ مانجۇ قوماندانى جىن شۇن (1831-1886) بىلەن يېڭى توختام تۈزۈپ 5 مىڭ تۇننا ئاشلىق ساتقان بولۇپ، ھەر ئەللىك كىلوگرامنى 4 تىللادىن كېلىشكەن. بۇ قېتىم گەرچە بۇرۇنقى توختامدىكىدىن ئەرزان سېتىلغان بولسىمۇ غايەت زور نەپكە ئېرىشكەن. كامېنىسكى يەنە بىر قېتىم يەرلىك بازاردىن غايەت زور مىقداردا ئاشلىق سېتىۋېلىپ ماناستىكى چىڭ ئارمىيەسىگە 6 مىڭ پىرسەنت پايدىسىغا ساتقان. ۋەلى بايمۇ شۇ چاغدا شەھەر بويىچە ئەڭ كاتتا بايغا ئايلانغان.

## روس - چىڭ كېلىشىمى ۋە ئىلىنىڭ قايتۇرۇلىشى

چىڭ ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇزى نەتىجىسىدە مۇساپىرلار مەسىلىسى كېلىپ چىقىپ ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى جىددىي-لەشتۈرگەن. 1877 - 1878 - يىللىرى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قەشقەرلىك مۇساپىرلار ۋە ياقۇپ بەگكە ئەگىشىپ كەلگەن قوقانلىقلار روسىيە تەۋەسىگە ئېقىپ كىرگەن. يېڭى كەلگەن قەشقەرلىكلەر پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇرۇن كۆچۈپ بارغان قېرىنداشلىرى ئارىسىغا قېتىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە 1860 - يىللاردىن باشلاپ چىڭ زۇلمىغا قارشى ئىسيان قىلىپ كەلگەن تۇڭگان كۆچمەنلەرمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن بىر بۆلۈكى جەھرىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، چىڭغا قارشى ئىسياننىڭ ئومۇرتقىسى سانىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى

ئاقسۇدىن قاراقولغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن ئىسسىق كۆل بويلىرىغا يېتىپ بارغان. يەنە بىر بۆلىكى قەشقەرگە كېلىپ بۇ يەردىن روسىيەگە كەتكەن. ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى ئەركەشتام ئارقىلىق مېڭىپ پەرغانە ۋادىسىغا كەتكەن. ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كىشىدىن تەشكىللەنگەن ئەڭ چوڭ بىر بۆلەك تورغات ئېغىزىدىن ئۆتۈپ نارىنغا، ئاندىن ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىكى چۇ دەرياسى ۋادىسىغا ماكانلاشقان. زو زوڭتاڭ قوزغىلاڭچىلارنى قوغلاپ چېگراغا يېتىپ كەلگەن ۋە روس ھۆكۈمىتىدىن ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بىراق روسىيە چىڭغا قارشى بۇ مۇساپىرلارنىڭ چېگرادا بولۇشىنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قاراپ، قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغان.

چىڭ ئارمىيەسى تارىم ۋادىسىدىكى شەھەرلەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن روسىيەدىن كېلىشىم بويىچە ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. روسىيەدىكى كاتتىلار ئارىسىدا ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش - بەرمەسلىك مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. قايتۇرماسلىق تەرەپتارلىرى ئىلىنىڭ خىتاي بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك چېگرا ئىكەنلىكى، تەبىئىي بايلىقلارغا موللىقى ۋە مۇنبەت ئىكەنزارلىقى، بۇ جەھەتلەردە روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا بېسىۋالغان باشقا رايونلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق ئامىللارنى سەۋەب قىلىشقان. قايتۇرۇپ بېرىش ئېقىمىدىكىلەر ئەگەر روسىيە سۆزىدە تۇرمىسا دىپلوماتىك، ھەربىي ۋە سىياسىي توقۇنۇش كېلىپ چىقىدىغانلىقى، بۇ ۋەجىدىن روسىيەنىڭ خىتايدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى قاتارلىقلارنى زاكۇن قىلىشقان. ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش تەرەپتارلىرى زور كاپالەت بەدىلىگە كېلىشىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. كۆپسانلىقلار زېمىن قايتۇرۇشنى ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەت ۋە ئىلىدىكى مۇسۇلمانلارنى روسىيەنىڭ ئادەمسىز بوزلۇقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش بەدىلىگە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. 1879 - يىلدىكى لىۋادىا كېلىشىمىدە چىڭ دىپلوماتلىرى ئىلى ۋادىسىنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنلىرىنى روسىيەگە بۆلۈپ بەرگەن، تۆلەم ئۈچۈن 5 مىليون رۇبلى بېرىشكە قوشۇلغان. روسلارنى ھەيران قالدۇرۇپ چىڭ ئوردىسى كېلىشىمنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. 1880 - يىلدىن كېيىن ئىككى تەرەپ دۈشمەنلىككە تەييارلاندى.

روسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيەسى ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشنى كامېنىسكىنىڭ غۇلجىدىكى جېدىلى مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتتى. چىڭ ئارمىيەسىنىڭ قولىدا پۇل يوق بولۇپ، خەنكودىكى تاموژنا بانكىسى ئارقىلىق بېرىلىشى كېرەك بولغان پۇلنىڭ كۆكىنىمۇ بېرەلمىدى. شۇنداق بولغاندا ئاندىن كامېنىسكى ئاشلىقنى بۆلۈپ - بۆلۈپ يەتكۈزۈپ بېرەتتى. چىڭ ئارمىيەسى بۇ ۋاقىتتا ئاشلىقنىڭ باشقا بىر ئامالىنى قىلغان بولۇپ، روسسىيەگە ئازراق تايىنىدىغان بولغان ئىدى. غۇلجىدا كامېنىسكىنىڭ چىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئاشلىق سودىگەرلىرى (رەۋەندىلەر) ئارىسىدىكى بىدىكلىكى ئاشلىق باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، قەھەتچىلىك پەيدا قىلدى. 1878 - يىلى مارتتا بۇ مەسىلىگە غۇلجىدىكى روس ئەمەلدارلىرى ئارىلىشىپ چىڭ ئارمىيەسىگە ئاشلىق تەمىنلەشنى چەكلىدى. بەرشان بولغان كامېنىسكى پېتېرگۇرگقا ئەرز

قىلىپ بېرىپ ئاقتۇرالمىدى. چىڭ ئەمەلدالىرى دېيىشكەن ئاشلىقنى ئالالماي ۋېرنىگە(ھازىرقى ئالماتا)» بېرىپ يا ئاشلىقنى بېرىش، يا بولمىسا پۇلنى قايتتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

1880 - يىلى ئىلىنى قايتۇرۇشقا مەسئۇل تۈركىستان گوبېرناتورى كونستانتىن كوفمان ئىلىدىكى روسىيە مۈلۈكلىرى ۋە كامېنىسكى مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن غۇلجىغا بىر ئۆمەك ئەۋەتتى. ئىلى ۋادىسىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش تەرەپتارلىرى كامېنىسكى مەسىلىسىنى كېلىشىمنىڭ ھەل قىلغۇچ نوقتىسى دەپ قارىغان. بۇنىڭغا قارشى مەيداندىكىلەر بولسا بۇ مەسىلە سەۋەبلىك روسىيەنىڭ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تەكىتلەشكەن. كېيىنكى يىلى شەرقتىكى بايغا ئايلىنىش چۈشىنى كۆرۈپ يۈرگەن كامېنىسكى قەرز ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جان ئۈزگەن. روسىيە خەزىنىسى 40 مىڭ رۇبلى چىقىرىپ چىڭ ئارمىيەسىگە كامېنىسكىنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بەرگەن. بىر قانچە ئايدىن كېيىن پېتېربورۇگ شەرتنامىسى ئىمزالانغان.

كامېنىسكى قوزغىغان ۋەيرانچىلىق ئۇنىڭ ۋەلىباي ۋە بۇشرى باي دېگەن ئىككى شېرىكىنىمۇ بوش قويمىغان. روسىيەدىن ئىلىغا كەلگەن ئۆمەك بۇ ئىككەيلەننى چاقىرىپ كۆرۈشكەن. بۇشرى باي كامېنىسكى بىلەن تۈزۈلگەن توختامنى ئۆمەككە كۆرسەتكەن. توختام بويىچە كامېنىسكى ۋەلىبايغا توشۇش ھەققىنى تۆلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە ۋەلىبايغا قەرز بولۇپ قالغان. ئۆزئارا دۈشمەن ئىككى ئىمپېرىيە ئىلى ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ساداقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇسابىقىگە چۈشكەن بىر ۋەزىيەتتە ۋەلىباي بىلەن بۇشرى باي روسىيەنى تاللىغان.

لىۋادىيا كېلىشىمنىڭ ئۈچىنجى ماددىسىدا ئىلىدىكى خەلق قايسى دۆلەتنىڭ تېررىتورىيەسىدە ياشاشنى خالىسا ئەركىن تاللاشقا ھوقۇقلۇق دېيىلگەن. خىتاي تارىخچىلىرى بۇنى چارروسىيەنىڭ ھىلىسى دەپ ئىزاھلاشقا ئامراق. ئەمما شۇ دەۋىردىكى تارىختا پۇقرالارنى بۇنداق شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇش مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن، چارروسىيەنىڭ بۇنداق توختاملارنى تۈزۈشى 1878 - يىلىمۇ بولغان. ئۇ چاغدا ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپ كارس بىلەن ئارداھاننى يۇتۇۋالغان روسىيە پۇقرالارغا تاللاش ئەركىنلىكى بەرگەن. شۇڭا چاروسىيەنىڭ بۇنداق توختامنى تۈزۈشى تامامەن مۇمكىن. كېلىشىم بويىچە ئىلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روسىيە پۇقراسى بولۇش ئەركىنلىكىمۇ، قايتىپ كېتىش ئەركىنلىكىمۇ بار دېيىلگەن. ئەمما ئىمزالىنار چاغدا چىڭ قايتىپ كېلىشىگە بولىدۇ، دېگەن ماددىنى ئۆچۈرگۈزىۋەتكەن. ئەمما پۇقرالارنىڭ خالىغان بىر دۆلەتنى تاللىشىغا ھوقۇق بېرىلىدىغانلىقى ۋە بۇ قارارنى بىر يىلغىچە چىقارسا بولىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان.

روسىيە ۋە سوۋېتلىك تەتقىقاتچىلار تارانچىلارنىڭ كۆچۈشىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورققان، دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يېڭى كەلگەن چىڭ ئارمىيەسىدىن قورقۇش مەۋجۇت ئىدى. بەش يىل بۇرۇن زو زوڭتاڭ قوماندان جىن شۇنىڭ ماناستىن تارتىپ غۇلجىنىڭ شەرقىگىچە ئاۋامنى قانلىق قىرغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. بۇ قىرغىنچىلىق

خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ قورقۇنچ پەيدا قىلغان. ئەمەلىيەتتە ئىلى خەلقىنىڭ كۆچىدىغان يېرى قۇرغاق بوزلۇق بولۇپ ئامالسىز قالمىغان كىشىلەرنى ئۇ يەرلەرگە بارىدۇ دېيىش ھېچ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. 1881 - يىلى يۇرت كېڭەش ئۆتكۈزۈپ ئۆلىمالارنىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن ئىلىغا كۆچۈشنى قارار قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇشرى باي ۋە ۋەلىبايلارمۇ بار ئىدى. خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ چارروسىيەنى ئۇيغۇرلارنى كۆچۈشكە مەجبۇرلاش بىلەن ئەيىبلىشى تارىخي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس.

1879 - يىلى باشلانغان كۆچمەنلىك تاكى 1881 - يىلىغىچە ئۈچ يىل داۋام قىلغان. غۇلجىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى كۆچمەنلىك ئۈچۈن ئېچىتقۇلۇق رولىنى ئوينىغان. ئۇچۇرلارنى كونترول قىلغۇچى كىشى بۇشرى باي بولۇپ، روسىيە بىلەن غۇلجا ئارىسىدا قاتناپ تىجارەت قىلغان ۋە روسىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرغان. 1880 - يىلى يەرلىك كىشىلەر ئاقساقال ئۇستىدىن شىكايەت قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە بۇشرى باينىڭ روسىيەنىڭ مۇسۇلمانلارنى چىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە دېگەن گەپلەر تارقالغان. بۇشرى باينىڭ قارىشىچە تارانچىلار چىڭ ئارمىيەسىنىڭ قولىدا ياشىسا تېخىمۇ خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيمىش. ۋەلى باي بۇ مەزگىلدە ئۆزىنىڭ سودىسىنى كېڭەيتىش ھەققىدە ئىزدەندى. بۇ چاغلاردا ۋەلى باي روسىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى بىلەن توختام تۈزگەندىن باشقا ئىلىغا كەلگەن خىتاي ئارمىيەسى بىلەنمۇ كېلىشىم يۈزگەن. ۋەلى باي ئاشلىقلىرىنى چىڭ ئارمىيەسىگە سېتىپ، روسىيەدىن ئىلى دەرياسى بويىدىكى يەرلەرنى سېتىۋالغان. ئۇ يەنە چىڭ ئارمىيەسى بىلەن كېيىم ۋە يەم تەمىنلەش توختىمى تۈزگەن. چىڭ ئارمىيەسىنىڭ بۇ پۇللارنى تېيەنجىن ۋە شاڭخەيدىكى بانكىلار ئارقىلىق تۆلەشكە قۇربى يەتمەي قالغان. بۇ ئەھۋال بېيجىڭدىكى چىڭ ئوردىسىغا يەتكەن. 1882 - يىلى چىڭ ئارمىيەسى قوماندانى جىن شۈن ئۆزىنىڭ ۋەلى بايغا يېرىم مىليون تىللا قەرزدار ئىكەنلىكىنى دېگەن.

جىن شۈن ئىلىغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندا شەرقىي تۈركىستان خەرىتىسى تېخى مۇقىملاشمىغان. ئۇ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىغا ئوخشاش يەرلىكلەر ئىچىگە ھاكىمبەگ قويۇپ تارانچىلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرماقچى بولغان. گەرچە غۇلجىدا بۇرۇنقى ھاكىمبەگ جەمەتىگە مەنسۇپ كىشىلەر بولسىمۇ ئۇلار 1860 - يىللاردىكى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغاچقا چىڭ ئارمىيەسى باشچىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن جىن شۈننىڭ كۆزى ۋەلى بايغا چۈشۈپ ئۇنى ھاكىم بەگ قىلماقچى بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن يەرلىكلەرنى روسىيەگە كېتىشتىن توسۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. جىن شۈننىڭ بۇرۇن چىڭغا خىزمەت قىلىش تارىخى بولمىغان بىر كىشىنى ھاكىمبەگلىككە دەۋەت قىلىشى چىڭ ھاكىمىيىتىدىكى ئۆزگىرىشتىن دېرەك بېرەتتى. ۋەلى باي بۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆرۈشتە ئېھتىيات قىلغان، چۈنكى ئۇ غۇلجىدا ئاشلىقنى چىڭ ئەمەدارلىرىنىڭ بېكىتكىنى بويىچە سېتىشقا بۇيرۇلاتتى. كېيىنكى ۋەقەلەر ۋەلىباينىڭ قارارىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان. جىن شۈن ھاكىمبەگ تەيىنلەش ئۈچۈن تارانچى

شەرقىي تۈركىستان مۇنبىرى نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۆتىۋەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ يېڭى ھاكىمبەگ بىلەن ئىلىنىڭ قالغان ئاشلىقىنىڭ بىر پۈتىنى بازار باھاسىدىن 15 ـ 20 كوپەك تۆۋەن باھادا سېتىشقا كېلىشكەن. تىجارىتىنى روسىيەگە يۆتكەش ۋەلىبايىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ چىڭدىن نۇۋەتتە ئېلىۋاتقان پايدىسىنى داۋام قىلدۇرالايتتى.

## تارانچىلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى

تارانچىلاردىن ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشى روسىيەگە كۆچۈشكە يېزىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە 1800 كىشى قېلىپ قالغانلىرى كۆچكەن. روس ئەمەلدارلارنىڭ قارىشىچە ئىلىدىن ئايرىلىش ئالدىدا كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كەلگەن گۇمانلارنى ۋەلى باي تارقاتقان. ۋەلى باي بۇ قېتىملىق كۆچمەن دولقۇنىدا ئەمەلىي رول ئوينىغان. چۈنكى شۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر ۋەلى بايغا قەرزدار بولۇپ، چىڭغا مەنسۇپ ئىلىدىن ئايرىلسا بۇرۇنقى قەرزىدىنمۇ قۇتۇلىمىز، دەپ ئويلىشاتتى. 1882 ـ يىلى ۋەلى باي نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەرزىنى كۆتۈرىۋەتكەن. كۆچمەنلىك ئۈچۈن 30 مىڭ رۇبلىدىن ئارتۇق پۇل سەرپ قىلغان. كېيىنكى يىلى سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار چىقىدىغان مىڭلاپ ھارۋىغا پۇل خەجلەپ كۆچۈشنى ئاسان قىلغان.

تارانچىلارنىڭ كۆچۈشى سىلاۋيانلارنىڭ روسىيەدىكى كۆچۈشلىرىگە ئوخشايدۇ. كۆچۈشتىن بۇرۇن تارانچى ۋە تۇڭگان رەھبەرلىرى روسىيەنىڭ يەتتە سۇ رايونىغا كېلىپ كۆچمەكچى بولغان جايلارنى پەملەيدۇ. تارانچىلار روسىيەنىڭ يېڭىدىن ئېرىشكەن ۋېرنى ۋە ياركەنت قاتارلىق جايلىرىغا ئۈچ توپ بولۇپ جايلىشىدۇ. دېھقانلار ياخشى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەندە باي تىجارەتچىلەر ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى موللىلار ياركەنتتىكى ئىمارەتلەر، شىبە ۋە سۇلۇنلار گازارما قىلغان جايلارنى ئىگىلىۋالدى. 1866 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلار بۇ يەرلەرنى كۆيدۈرىۋەتكەن ئىدى، ئۇلار روسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن شۇ يەرلەرنى يەنە ئۆزلىرى ئاۋات قىلىشقا باشلىدى. كۆچمەنلىك غۇلجا تارانچىلىرىنىڭ جامائەتچىلىكىنى ئۆزگەرتمىدى. ئۇلار نەدىن كۆچۈپ كەلگەن بولسا شۇ يەرنىڭ ئىسمىلىرىنى يېڭى مەھەللىلەرگە قويۇشتى. مەسىلەن، ناغرىچى، قازانچى دېگەندەك. تارانچىلار بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرگە ئورۇنلىشىش جەريانىدا قازاق ۋە كازاك ئاھالىسىنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر بازاردىن يەنە بىر بازارغا كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ھەتتا بەش يېرىم مىڭدىن ئارتۇق تارانچى ۋە تۇڭگان روس مەھەللىرىگە جايلاشتى. يەنە نۇرغۇنى مۇقىم بىر يەرگە يەرلەشمەي، سەييارە كېزىپ يۈرىدىغان ئىشلەمچىلەرگە ئايلاندى.

كۆچۈپ كەلگەن تارانچىلار يەتتەسۇدا گەرچە قانۇنلۇق سالاھىيەتكە ئىگە بولسىمۇ چاتاققىمۇ ئۇچراپ تۇردى. بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىلاۋيانلار ۋە يەرلىك بولغان قازاقلارنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار يا يەرلىك قازاقلارغا ياكى سىلاۋيانلارغا مەنسۇپ ئەمەس، يات ئەلدىن كەلگەن مۇسۇلمان كۆچمەنلەر سانىلاتتى. 1881 ـ يىلىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا خىرىستىيان بولمىغانلار ۋە يەرلىك بولمىغانلارنىڭ زېمىنلىق بولۇشى چەكلەنگەن

ئىدى، شۇ سەۋەبلىك تارانچىلارنىڭ يەرلىشىش ئىشى سۇئاللارغا دۇچ كەلدى. 1890 - يىلى چار روسىيە سىلاۋىيانلارغا پايدىلىق كۆچمەنلىك سىياسىتىنى يولغا قويدى. سىلاۋىيانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئوپ ئوچۇق يات ۋە ئاز سانلىق ھېس قىلىشتى. 1896 - يىلى روسىيە پەرمان جاكارلاپ ئۇيغۇرلارنى باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە ئوخشاش يەرلىك پۇقرا دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئەمما كەمسىتىش يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن، ئۇلار يەتتە سۇنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك پارلامېنت سايلىمىدا بىلەت تاشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەن.

تارانچىلار ئۆزىنى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن سىزىلغان خەرىتىنىڭ پۇچۇق گىرۋەكلىرىگە سىزىلغان ئەتىۋارسىز بىر قەۋم دەپ ھېس قىلىشاتتى. يەتتە سۇدا قازاقلار «قىرغىز» تېررىتورىيەسىدە، كازاكلار كازاك بۆلىكىدە، سىلاۋىيانلار سىلاۋىيان رايونىدا، ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر مەھەللىسىدە، تۇڭگانلار تۇڭگان كوچىسىدا ياشايتتى. 1902 - يىلدىكى ستاتىستىكىدا يېزىلىشىچە تارانچىلارنىڭ يېرى 35 گېكتار، نوپۇسىغا كۆرە بۇ يەر سىلاۋىيانلار، كازاكلارنىڭ يېرىدىن كۆپ ئاز ئىدى. شۇڭا بىر بۆلۈك تارانچىلارنىڭ غۇلجىغا قايتىپ كېتىشىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن جەھەتلەردە شىنجاڭدا قالغان تارانچىلارنىڭ ئەھۋالى روسىيە تۇپراقلىرىغا كەتكەنلەرنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. 1884 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا شىنجاڭ دېگەن نامدا بىر ئۆلكە قۇرۇلغان ۋە ئىلى رايونىدا دېھقانلارنىڭ ھاكىم بەگ ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشى ئەمەلدىن قالغان ئىدى. ئىلىدا باجنىڭ تۆۋەن بولۇشى، تۇغقانلارنى سېغىنىش قاتارلىق ئامىللار يىلىغا مىڭلىغان تارانچىلارنىڭ قايتىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغان. 1906 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا روسىيەدىكى تارانچىلاردىن ئون مىڭى ئازلاپ كەتكەن. 1909 - يىلى ستاتىستىكىچى رومىئانتسىۋ تەپسىلى سانلىق مەلۇمات يىغقان بولۇپ، يەتتە سۇدىكى تارانچى يۇرتلىرىدا يەرلەرنىڭ تاشلىنىپ كىشىلەرنىڭ كېتىپ قالغانلىقى بايقالغان. ئەينى چاغدا تارانچى ئاھالىسىنىڭ 10 پىرسەنتى غۇلجىدا ياشاۋاتقان بولۇپ، بۇ ياركەنت ئاھالىسىنىڭ 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى.

چارروسىيە ھاكىمىيىتى تارانچى جەمئىيىتىدىكى ھادىسىلەرگە كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى، پەقەت ۋولى بايغا ئوخشاشلارنى يۆلەپ ئۇلارنى تارانچىلار بىلەن ھاكىمىيەت ئارىسىدا بىدىك قىلاتتى. روسىيە چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن چېگرالىنىدىغان رايونلاردا چىڭدىن پەرقلىق ھالدا ئۇيغۇرلارغا يەرلىك ھوقۇقلارنى بەرگەن بولۇپ، مىڭبېشى، يۈزبېشى دېگەندەك ئەمەل ناملىرى مەۋجۇت ئىدى. بۇ يەتتە سۇنىڭ باشقا رايونلىرىدا يوق ئىدى. روسىيە چىڭدىن تارتىۋالغان يەرلەر ۋولى باينىڭ ئىلكىدە ئىدى. ۋولى باي ئۇيغۇرلارنى دېھقانچىلىققا سالاتتى ۋە ھوسۇلنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىنى ياكى يېرىمىنى ئالاتتى. دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باجنىمۇ ۋولى باي ئۆزى تاپشۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا چاپارمەنلىرى بولۇپ، سۇ ئىنشائات ۋە ھوسۇل يىغىشقا مەسئۇل ئىدى. تارانچىلار جايلاشقان يەر يەتتە سۇنىڭ مەركىزى ۋېرنىدىن يىراق ئىدى. ۋولى باي ۋېرنى بىلەن تارانچىلارنى شەكسىز باغلاپ

www.uyghurkitap.com

تۇرالايتتى.

چېگرانىڭ ئۇ تەرپىدە تۇرۇپ ۋولى باي چىڭ ئارمىيەسىگە داۋاملىق توختام بويىچە ئاشلىق سېتىپ تۇراتتى. غۇلجىغا توشۇيدىغان ماللىرىغا قولايلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ۋولى باي پولشالىق سوۋرگون پوكلىۋېسكى كوزىلنى بۇيرۇپ ئەنگلىيەدىن پار بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كېمە سېتىۋالغان. كېمە 1883 - يىلى قاتناش باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا كالپاكوۋىسكى دەپ ئىسىم قويۇلغان. بۇ كىشى روسىيەنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، كېيىن يەتتەسۇنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلانغان. ۋولى باي بايلىقنى كۆپەيتىشتىمۇ تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ غۇلجىنىڭ ئەتراپىدا تۈگمەن چۈرگەن، بۇغدايدىن باشقا كېۋەزچىلىككىمۇ قىزىققان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ كېۋەز سورتىنى ياركەنتكە ئۆزلەشتۈرگەن. ۋولى باي يەنە كانچىلىققىمۇ بېرىلگەن بولۇپ، روسىيە ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن غۇلجىنىڭ تەبىئىي بايلىقنى ئېچىشتا مەسلىھەتچى بولغان. 1899 - يىلى ياركەنتتىكى 12 باي تالاپ چىقىلغان بولۇپ، ۋولى باينىڭ مۈلكى قالغان ئون بىر باينىڭ ئومۇمى مۈلكىدىنمۇ كۆپ بولغان.

## شەرقىي تۈركىستاندا «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

روسىيەگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار يېڭى ھاياتقا كۆنگىلىۋاتقاندا چىڭ سۇلالىسى ئىلىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتمەكتە ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ تيەنگودىن كېيىن تەسىس قىلغان ئورگانلارنى ئىلىدىمۇ قۇرماقتا ئىدى. ئىلىدا يېڭى سېپىللار، مەمۇرىي بىنالىرى قوپۇرۇلغان، ئۆستەڭلەر چېپىلغان ۋە تاشلاندۇق يەرلەر ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئىدى. كاتائۇكانىڭ قارىشىچە بۇ قۇرۇلۇشلارنى قىلىشتا دېھقانچىلىق پۇرسىتى بىلەن ئالدانغان خىتاي كۆچمەنلەر ۋە يەرلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان زو زوڭتاڭنىڭ خۇنەنلىك ئەسكەرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغان كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

شەرقىي تۈركىستاندا ئىمپېرىيە نوپۇزىنىڭ خاراپ بولۇشى چىڭ ئەمەلدارلىرىنى كەسكىن ئىسلاھات بولمىسا ھۆكۈمەتسىزلىك خەۋپىگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندۇردى. زو زوڭتاڭدەك كىشىلەر شىنجاڭنى قايتا قۇرۇشتا خىتايلارنىڭ يېتەكچى بولۇشىنى بەكرەك مۇناسىپ كۆرەتتى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندا چىڭغا قارشى كەيپىيات ۋە قوزغىلاڭغا سەۋەب بولغان ئامىلنى يەرلىكلەرگە بېرىلگەن ھوقۇقنىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن كۆرەتتى. شۇنداقلا ئۇلار يەنە بۇرۇن مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن ئالىي رەھبەرلەرنىڭ موڭغۇل ياكى مانجۇ بولۇپ كەلگەنلىكىگىمۇ نارازى ئىدى. زو زوڭتاڭ يەنە يەرلىكلەرنى مەدەنىيەت جەھەتتە مەركەزگە يېقىنلىتىشنىڭ موھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە كوڭزىچە مەكتەپ قۇرۇشنى تەكىتلىگەن. ئوردىغان بېرىلگەن تەكلىپ ۋە بۇنداق تەكلىپلەرگە قارشى چۈشكەن تەكلىپلەرنى مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسىدە، 1884 - يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇش، خىتاي ئەمەلدارلار ئارقىلىق باشقۇرۇش قارار قىلىنغان.

شەرقىي تۈركىستاندا «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى خىتاي مەركەزلىك سىياسەتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ مۇستەملىكىلىشىش ۋە بىر گەۋدە بولۇشقا تۈرتكە بولغان. مەسىلەن، تەتقىقاتچى كاتائوكا بۇنى خىتايلاشتۇرۇش دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇنى پەرقلىق تەرەپلەردىن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. خىتايلارنىڭ بۇ زېمىندىكى تۈرلۈك مۇستەملىكە تەدبىرلىرى ئارزۇدىكىدىن تەتۈرىسىچە نەتىجەلەنگەن. كۆچمەن جەلپ قىلىش تەسلىشىپ كەتكەن، يەرلەر تېرىقسىز قالغان، خاراپ بولغان يامۇللار ئەسلىگە كەلمىگەن. ئىقتىساتمۇ لىڭشىپ قالغان بولۇپ، بازاردا يېتەرلىك كۈمۈش ۋە مىس پۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ياقۇپ بەگنىڭ تەڭگىلىرى تا يىغىۋېلىنىپ ئېرىتىۋەتكەنگە قەدەر ئىشلىتىلگەن. ئۇندىن كېيىن روسىيەنىڭ رۇبلىسى شىنجاڭنىڭ مۇقىم پۇلى بولۇپ قالغان. يەرلىك مەمۇرىيەتتە بۇرۇنقى بەگلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ يېڭى مەمۇرىي بىرلىكلەر تەسىس قىلىنغان. مەسىلەن، يەرلىك بەگلەرنىڭ ئورنىغا شاڭيولار چىققان. گەرچە خىتاي مەمۇرلار يېڭى مەمۇرىي بىرلىكلەرگە ئەمەلگە قويۇلغان بولسىمۇ يەنىلا يەرلىك بەگلەرنىڭ ياردىمىگە تايانغان. 1891 - يىلى شۇ چاغدىكى شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) ھۆكۈمدارى تاۋباۋلىيەننىڭ ئوغلى تاۋ مۇ «بەگلەرنى بىكار قىلىپ شاڭيولارنى قويدۇق، ئەمما بۇ خىتاي ئەمەلدارلار يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا يەنىلا يەرلىك بەگلەر بىلەن شېرىكلىشىدۇ. بىز ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا تەسىس قىلىشتىن بۇرۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى قاڭقىر قاقشاتقان بەگلەرگە ئۆچ ئىدى، مانا ئەمدى خىتاي ئەمەلدارلار ئاۋامنى ئېزىدىغان كۈچلەرنىڭ پاسىبانى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارشى چىقىۋاتىدۇ» دېگەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايغا تەۋە ئۆلكە بولۇشى پەقەت ئاتاق مەسىلىسى، ئەمەلىيەت بۇ يەرنىڭ خىتاينىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇش قەدىمىنىڭ ئۇنچە ئاسان بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. يەرلىك ھوقۇقنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى، مەمۇرى بىرلىكلەرنىڭ يېڭىدىن تەسىس قىلىنىشى تەيپىڭ تىيەنگونى باستۇرۇش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان تەدبىرلەرنىڭ ئىنكاسى. ئاز ساندىكى خىتاي ئەمەلدارلار بىلەن كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان خەلقنى باشقۇرۇش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن چىققان بوشلۇقنى يەرلىك تىجارەتچىلەر ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ تولدۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. خىتايلاردىن تەشكىللەنگەن مەمۇرىيەتكە مۇسۇلمانلارنىڭ كىرىپ قېلىشى يەرلىك خەلققە ئۇڭۇشلۇق ئەمەس ئۇڭۇشسىزلىق ئېلىپ كېلەتتى. شۇ چاغلاردا مۇسۇلمان زىيالىلىرى بىلەن خىتاي مەمۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە خىتاي مەنبەلىرىدە ماتېرىيال يوق، بەلكىم خىتاي تەتقىقاتچىلار بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. قەشقەر ۋە ياركەنتتىكى بىر خىتاي ئەمەلدار يەرلىك بايلاردىن سۇجۇ ۋە گۇاڭجودىكى بايلاردەك ۋەتەنسۆيەرلىك ۋە قىزغىنلىق بىلەن مەمۇرىيەتكە ماسلىشىپ بېرىشىنى كۈتمەيتتى. 1882 - يىلى زو زوڭتاڭنىڭ ياردەمچىسى لىئۇ جىنتاڭ بەگلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى باي

www.uyghurkitap.com

تۆرلەر شەكلىدە ۋەكىللىك رولىنى يەنىلا داۋام قىلدۇرغانلىقىنى دېگەن. ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ رولنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار يەرلىك بايلار تەبىقىسى بولغان.

## شەرقى تۈركىستاندىكى سودا ئېغىزلىرى ۋە روسىيەلىك ئاقساقاللار

روس ئىمپېرىيەسىنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا قەدەم باسقانلىقىنىڭ تەسىرى ئەزەلدىن چارروسىيە بىلەن مۇناسىۋەتسىز ياشاپ كەلگەن ئەنجانلىقلاردا بولدى. روسىيە قوقان خانلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن تارىم ۋادىسىدىكى بۇ خانلىققا مەنسۇپ پۇقرالارغا ئۆز پۇقرالىرىدەك باشپاناھ بولۇشقا باشلىدى. قومۇلدىن تارتىپ خوتەنگىچە تارقالغان، چارروسىيەنى دۈشمەن، روس سودىگەرلىرىنى رەقىب دەپ بىلىدىغان ئەنجانلىقلار تۈركىستاندا «ئاقخان» دېيىلىدىغان پادىشاھنىڭ پۇقراسى بولۇپ قالدى.

زو زوڭتاڭنىڭ ۋەكىلى لىئۇ جىنتاڭ روسىيەنىڭ ئەنجانلىقلارنى پۇقرا سانىشىغا پىسەنت قىلمايتتى ۋە بۇنىڭغا جېنىنىڭ بارىچە قارشى ئىدى. 1870 - يىللارنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا لىئۇ جىنتاڭ ياقۇپ بەگنى قوللىغان دېگەن گۇمان بىلەن يۈزلىگەن ئەنجانلىقنى قوغلاپ چىقارغان، ئائىلىسى ۋە زېمىنى بولغانلىرىنى پۇقرالىققا تىزىملىۋالغان. ئەمما 1881 - يىلىدىكى پېتىربۇرگ كېلىشىمى سەۋەبلىك بۇنداق قاتتىق پوزىتسىيەنى داۋام قىلالمىغان. كېلىشىمگە ئاساسەن روسىيە كونسۇلخانىلىرىنى غۇلجا ۋە تارباغاتايدىن باشقا قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىلەرگە كېڭەيتكەن، شۇنداقلا ئەگەر زۆرۈرىيەت تېپىلسا تېخىمۇ كېڭەيتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. 1882 - يىلى نىكولاي پېتروۋىسكى قەشقەرگە كەلگەن، باشقا كونسۇللارمۇ ئىشقا چۈشكەن. كېلىشىم بويىچە روسىيە پۇقرالىرىدىن تىجارەت ۋە چېگرا بېجى ئېلىنمايدىغان، ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئەركىن كېزەلەيدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئەنجانلىقلار تېزلا شەرقىي تۈركىستاندا بازارنى ئىگىلەپ روسىيە شىركەتلىرىنىڭ ۋاكالەتچىلىرىگە ئايلانغان. بۇ مەنىدە ئەنجانلىقلار شەرقشۇناسلارنىڭ تەبىرى بويىچە «روسىيە كاپىتالىزمىنىڭ بىدىكلىرى» گە ئايلانغان.

لىئۇ جىنتاڭغا ئوخشاش كىشىلەر گەرچە باج تاپشۇرمايدىغان ئالاھىدە ھوقۇقلۇق روسىيە پۇقرالىرىنىڭ بولۇشىدىن ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغان كونسۇلنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىدىن بىئارام بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقىدەك تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارغا تارالغان نۇرغۇن ئاقساقاللار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقنى «كۆشكۈرتۈش» غېمىدىن قۇتۇلغىنىغا مەمنۇن ئىدى. ئەمما لىئۇ يەنىلا «ئەنجانلىق ئاق ساقاللار يەنە كۆپلەندى» دېگەن ئويدا شىكايەت قىلىپ تۇرغان. كېلىشىم بويىچە كونسۇللار ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىشكە بولاتتى. ئەمما دائىملىق ئاقساقاللار ھەققىدە يېزىلغان يوق ئىدى. ئەمما پېتروۋىسكىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۆزىنى ئاقساقال دەپ يۈرىدىغان ئەنجانلىقلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىغان. 1884 - يىلى لىئۇ جىنتاڭ تۈركىستان ھۆكۈمدارىغا خەت يېزىپ كېلىشىمدە ئاقساقاللار ھەققىدە ماددا يوقلىقى، روسىيەنىڭ ئاقساقاللارنى قايتۇرۇپ

كېيىنكى لازىملىقى، پەقەت كونسۇللارنىڭلا روسىيە پۇقرالىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشلىرىغا جاۋابكار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

1884 ـ يىلى ئۆچتۇرپانغا ھەلىم ئىسىملىك بىر ئاقساقال تەيىنلەنگەندە ۋەزىيەت كەسكىن بولغان. ھەلىم شەھەردىكى روسىيەلىك تىجارەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تىزىملاپ پېتروۋىسكىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. ئەمما چىڭ ئەمەلدارلىرى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي باج يىغقان. ھەلىم بۇ ئەھۋالنى قەشقەردىكى پېتروۋىسكىغا مەلۇم قىلغان. باج تاپشۇرغان بايلار قاتارىدىكى ئابدۇرېھىم ئىسىملىك مەرغىلانلىق بىر تىجارەتچى ئۆزىنىڭ باج تاپشۇرغانلىق تالونىنى كۆرسىتىپ ھەلىمگە شىكايەت قىلغان. ھەلىم تالوننى پېتروۋىسكىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. چىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ سەۋەبتىن ئابدۇرەھىمنى چىقىرىپ سوراق قىلغان ۋە ھەلىمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ روسىيە پۇقراسى ياكى چىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىنى سورىغان. ئابدۇرەھىم ھەلىمنى ئۆزىنى خاتا تىزىملاپ قويغانلىقتا ئەيىبلەپ ئۆزىنى چىڭ پۇقراسى دەپ تۇرىۋالغان.

چىڭ ئەمەلدارلىرى ھەلىمدىن تۈۋە قىلىشنى ۋە ئابدۇرەھىمنى خاتا تىزىملاپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ھەلىم پېتروۋىسكى رۇخسەت قىلمىغان ئەھۋالدا ھەر قانداق ئېتىراپتا بولمايدىغانلىقىنى دېگەن. چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا «بىز سېنى ياخشى ئادەم دەپ بىلىمىز، پەقەت پېتروۋىسكىغا نېمە يوللاپ تۇرغىنىڭدىن بىزنى خەۋەردار قىلساڭلا بولىدۇ» دېگەن. ئۆچتۇرپاندىكى روسىيە پۇقرالىرى بۇ ھەقتە ئاقسۇدىكى دوتەيگە ئەرز قىلغان.

ئاقسۇدا ئابدۇرەھىم باي ئۆزىنىڭ روسىيە پۇقراسى ئىكەنلىكىنى، چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ تەھدىتى بىلەن ئۆزىنى چىڭ پۇقراسى دېگەنلىكىنى ئېيتقان.

مەسىلە ھەل بولۇپ، تىجارەتچىلەرنىڭ سالاھىيىتى ئېنىق بولغان، ئەمما ھەلىم ئاقساقال چىڭ ئەمەلدارلىرىدىن رازى بولمىغان. ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ ئەمەلدارلىرى نار مىرزا ئىسىملىك بىر ئەنجانلىقنى ئاقساقال قىلىپ تەيىنلىگەن. نار مىرزا دەسلەپتە پېتروۋىسكىنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ رەت قىلغان، ئەمما 1885 ـ يىلىنىڭ ئۆكتەبىرلىرىدا بىر قىسىم روسىيە پۇقرالىرىنىڭ تىزىملىكىنى پېتروۋىسكىغا يوللىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆچتۇرپاندا ئىككى ئاقساقال پەيدا بولغان. چىڭ بىلەن مۇناسىۋەتتىكى يېقىنلىق نار مىرزىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان، نەتىجىدە پېتروۋىسكىمۇ ھەلىمنىڭ ئورنىغا نار مىرزىنى ئاقساقال قىلىپ بېكىتكەن.

بۇنداق توقۇنۇشلار تارىم ۋادىسىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، ئاقساقاللار مەسىلىسى چىڭ بىلەن بولغان كېلىشىمدە روسىيەنىڭ قايسى چەككىچە بارالايدىغانلىقىنى ئۆلچەيدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئەمما بۇ يەردە نەزەردىن ساقىت قىلىنغان موھىملىقلارمۇ بار. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دىپلوماتىيە تارىخچىلىرى، ئەلچىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە سودا گورۇھىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ياردەمچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى خۇلاسىلىگەن. بۇنىڭغا ختايدا تەسىس قىلىنغان سودا ئېغىزلىرى ۋە بىرىتانىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ئورنىغا كېيىن ئەلچىخانا ئالماشقانلىقى دەلىل قىلىنىدۇ. ئەمما بۇنداق ئالمىشىش شەرقىي تۈركىستاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈز بەرمىگەن. شەرقىي تۈركىستاندا ئۇچراشقان چىڭ، ئەنگلىيە ۋە روسىيە ئىمپېرىيەلىرى گەرچە مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئۇلار بىلەن مەدەنىيەت ۋە تىل ئورتاقلىقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. مۇستەملىكە قىلىنغان بۇ رايونلاردا يەرلىك ئاپتونومىيە (يەرلىك نوپۇز) قاتلىمى مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار ئىمپېرىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايتتى. روسىيە تۈركىستاننى ئالغاندىن كېيىن يەرلىكتىكى تەجرىبىلىك پىشقەدەملەردىن سايلىنىدىغان ئاقساقال ئەنئەنىسىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇنى خەلقنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىدا قوللاندى. روسىيەدىكى بۇ ئۇسۇل شەرقىي تۈركىستاندا كونسۇللارنىڭ دەخلىسىزلىكى بىلەن بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. چىڭ ئەمەلدارلىرى روسىيە پۇقرالىرىنىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىدە بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئالاھىدە ھوقۇقىدىن بىسەرەمجان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاقساقاللار ئىككى ئورگاننىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ باققان، بىرى قوقانلىق كاتتىۋاش سۈپىتىدە چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرغان، يەنە بىرى روس تۈركىستانىنىڭ ئاقساقىلى سۈپىتىدە چارپادىشاھ بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ھەلىمىنىڭ كەچۈرمىشىدىن مەلۇمكى ئاقساقاللار ئۆز دۆلىتى ۋە ساھىپخان دۆلەت ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغاندىن باشقا يەنە روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ئىككى ئىمپېرىيەگە ھېس قىلدۇرمىسا بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇچتۇرپان ئاقساقىلى ھەلىمدەكلەرنى قەشقەردىكى پېتروۋىسكى ئۆزى تەيىنلەيدۇ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ. تارباغاتايدىكى چەت ئەل پۇقرالىرى ئاساسەن روسچە سۆزلەيدىغان تاتارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەسچىت، دۇكان، مەكتەپلىرى كونسۇلخانا بىلەن يېقىن ئىدى. يەرلىك ئىمامنىڭ دېيىشىچە، 1892 ـ يىلى ئۇلار ئاقساقال سايلىغان بولۇپ، يەتتە يىلغىچە ھېچ قايسى تەرەپنىڭ ئېتىراپىسىز ئىش يۈرۈشتۈرگەن، ئاخىرىدا چارروسىيە ۋە چىڭ تەرەپنىڭ ئېتىراپىغىمۇ ئېرىشكەن.

مەۋجۇت سودا تورىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىنى كونسۇل قىلىپ تەيىنلەش برىتانىيەچە يوسۇنلار جۈملىسىدىن. 1870 ـ يىلى تۆرە دوگلاس ئۆمىكى قەشقەر ۋە ياركەنتنى زىيارەت قىلغاندا كەشمىرلىك، بەدەخشانلىق سودا گورۇھى ئىچىدە ئاقساقاللارنى بايقىغان. 1891 ـ يىلى برىتانىيەلىك راج قەشقەردە ئاقساقاللىق ئىمتىيازىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزىنى تارىم ۋادىسىدىكى باشقا ئاقساقاللارنىڭ بېشى ساناپ قالغان. شىجاڭدا برىتانىيە پۇقرالىقىغا ئېرىشكەن كىشىلەر باشقا مىللەتلەرگە مەنسۇپ بولغاچقا ئۇلارنى بىرلا ئاقساقال بىلەن باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېكىنزارلىق ۋە تىجارەتكە مەشغۇل كىشىلەر بولغاچقا ھەر كەسىپتىن پەرقلىق ئاقساقاللار بولۇشى كېرەك ئىدى. 1918 ـ يىلى ياركەنتتە بىر قېتىملىق ئاقساقال سايلىمى بولغان بولۇپ، پۇشتۇ، ھىندى، كەشمىرى، ۋاخى ۋە بالتى مىللەتلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن بەش كىشى بىر ئاقساقاللار كېڭەشىنى بېكىتىپ چىقىشقان.

ئاقساقاللار ئىمپېرىيە ئەمەلدارلىق پىرامىداسىنىڭ ئۇلىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۆسۈش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. چىڭ پۇقرالىرى بىلەن

ئىمپېرىيە پۇقرالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۇلار بىدىكلىك رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئادەتتە ئاقساقاللىق ئورنىنى تەلەپ قىلىدىغانلار باي سودىگەرلەر بولماستىن ئوتتۇراھال تىجارەتچىلەر بولاتتى. غۇلجىدىكى تاتار باي فازىلجان يۇنىچ ئەسلى ھېچ قانچە چوڭ باي ئەمەسكەن، دەسلەپ ئۇ ئىلىغا كەلگەن يەتتە سۇلۇق تىجارەتچىلەرگە ياللىنىپ كەلگەن بولۇپ، تەدرىجى غۇلجىنىڭ چوڭ بايلىرىدىن بولۇپ قالغان. روسىيەلىك ئاقساقاللار مائاشىنى تىجارەتچىلەردىن يىغىۋالغان ھەقلەر ئىچىدىن چىقىرىپ ئالىدىغان بولۇپ، ئەمىلىنىڭ تۆۋەنلىكىگە باقماي خېلىلا يۇقىرى بولاتتى. تارباغاتايدىكى ئاقساقال يىلىغا ئالتە يۈز رۇبلىدىن مىڭ رۇبلىغا قەدەر مائاش ئالسا، قەشقەردىكى ئاقساقال ئېيىغا ئىككى يۈز رۇبلى ئالغان. ئاقساقاللاردىن روسىيە ۋە بىرىتانىيە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەنلەردە قوغدىغۇچى ساقلاش ھوقۇقى بار ئىدى. چىڭ ئەمەلدارلىرى كېلىشىملەردە ئاقساقاللىق ھەققىدە ھېچ بىر مەزمۇن يوق ئىكەنلىكىنى دېيىشىپ قارشى تۇرسىمۇ تارىمدىكى بوستانلىقلاردا ئۇلارنىڭ رولىنى ئىنكار قىلالمايتتى. ھەتتا بۇنداق ئاقساقال بولغانلاردىن چىڭدىن ئۆتۈنۈپ بولغانلارمۇ بولغان. بىر بىرىتانىيەلىك ئاقساقال كۇچاغا كەلگەندە يەرلىك يامۇلدا كاتتا كۈتىۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن.

روسىيە بىلەن بىرىتانىيە ئارىسىدىكى «كاتتا ئويۇن» دەپ ئاتالغان تەسىر دائىرىسى تالىشىش كۆرىشىدە ئاقساقاللار موھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇلار يەرلىكتىن ئاخبارات توپلاش، گۇمانلىق چەت ئەللىكلەرنى نازارەت قىلىش ۋە ئىزدىن بولغان تەكشۈرگۈچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇلار يەنە يەرلىك «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» قولغان چۈشۈرگەن بويۇملارغا بىدىكلىك قىلىش، ئاسار-ئەتىقەلەرنى توشۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە دولقۇنىنى ئۇلغايتقان. مەسىلەن، خوتەنگە قويۇلغان ئاقساقال ئابدۇساتتار پېتروۋىسكىغا شۇ يەردىكى قۇمغا كۆمۈلگەن بىر شەھەر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. خوتەندىكى بىرىتانىيە ئاقساقىلى بەدرىدىن دېگەن ئافغان كىشى بولۇپ، ئۇ ماكارتىنىغا يەرلىكلەر قازغان تام رەسىملىرى ۋە باشقا قېزىلمىلارنى تەقدىم قىلغان. بەدرىدىنخان يەنە ئاۋرېل ستەيىنگە دەندان ئۆيلۈك خارابىسى، نىيە خارابىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، مۇشۇ تۆھپىلىرى بىلەن خان ساھىپ ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە ستەيىننىڭ دوكلاتىدا ماختالغان.

## دەخلىسىزلىك ئىمتىيازى ۋە پۇقرالىق مەسىلىسى

شەرقىي تۈركىستان پۇقرالىرى بىلەن روسىيە كونسۇلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى دەخلىسىزلىك ئىمتىيازى مۇرەككەپلەشتۈرەتتى. پۇقرالار بىلەن كونسۇللۇق ئارىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتلەر پەرقلىق يوللار بىلەن ھەل قىلىناتتى. گەپتە تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ چىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشى كېرەك بولسىمۇ، ئەمەلدە قازىخانىلار كېسىم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. چىڭ سۇلالىسى پۇقرالىرى بىلەن روسىيە پۇقرالىرى ئارىسىدا مەسىلە كۆرۈلسە روسىيە تەرەپ بىلەن چىڭ دۆلىتى تەرەپ چېگرا پورتلىرى كېلىشىمى

بويىچە بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلاتتى. ئادەتتىكى مەسىلە بولسا ئاقساقاللار يەرلىك تەرجىمانلار بىلەن ھەل قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەزى بازارلىرىدا دىپلوماتىك ئاقساقاللار بولغان بولۇپ، بۇلار 1924 - يىلى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بۇيرۇق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئىككى تەرەپ پۇقرالىرىغا ئائىت دېلولاردا ئەگەر لايىق كۆرۈلسە قازى شەرىئەت بويىچە بىر تەرەپ قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن روسىيەمۇ ئۆز پۇقرالىرى ئىچىدىن قازى قويغان. روسىيە پۇقرالىرىنىڭ دەخلىسىزلىك ئىمتىيازى قازاقلار ئارىسىدىمۇ بولغان. 1884 - يىلىدىكى تارباغاتاي كېلىشىمى بويىچە روسىيەنىڭ ۋە چىڭنىڭ قازاق پۇقرالىرى ئىچىدىكى سودىيەلەر ئەدلىيە قالدۇرۇق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلتاي ئاچقان. بەزى ئايلاپ سوزۇلۇپ كەتكەن دېلولارغا روسىيە ۋە چىڭ مەمۇرلىرى قاتناشقان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ رولى نازارەتچىلىك بولۇپ، كېسىمگە ئارىلاشمىغان. ئەمەلدارلار بۇ ئىشنى تاكى 1904 - يىلغىچە داۋام قىلغان.

قەشقەرلىك ۋە ئەنجانلىق سودىگەرلەر زىددىيەتلەرنى ئىسلام بويىچە ھەل قىلغاچقا چىڭ سۇلالىسى دېڭىز بويى رايونلىرىدا دۈچ كەلگەن چىڭ قانۇنى بىلەن غەرب قانۇنلىرىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقمىغان. بىراق چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ دەخلىسىزلىك ئىمتىيازى ئېچىتقۇلۇق قىلغان ھادىسىلەرمۇ بولۇپ تۇرغان. چىڭنىڭ دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەردە كىشىلەر دەخلىسىزلىك ئىمتىيازىغا ئېرىشمەك ئۈچۈن خىرىستىيان بولۇۋېلىپ ساختىلىق قىلغان. قەشقەردە بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىگەن. ئەمما بۇ يەردە تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، كىيىم- كېچەك ۋە قىياپىتى ئوخشاش بولغان يەرلىك خەلق بىلەن ئەنجانلىق روسىيە پۇقرالىرىنى ئايرىش قىيىن بولغان.

نەزەرىيە جەھەتتە روسىيە پۇقرالىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئاسان ئىدى، چۈنكى روسىيە ئۆزىگە تەۋە ئەنجانلىقلارغا پاسپورت ۋە تامۇزنا ئىسپاتى چىقىرىپ بەرگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى سودا ئېغىزلىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى سودا ئىدارىسى قۇرۇپ ماللارنىڭ باشقا جايلارغا توشۇلۇشى ئۈچۈن باجدىن خالىيلىق رەسمىيىتى چىقىرىپ بەرگەن. نەتىجىدە، ئۇلار خىتايچە لىجىن دەيدىغان ھاكىمىيەتكە تاپشۇرۇلىدىغان بىر ھەقتىن قۇتۇلۇپ قالغان. لىجىن 1850 - يىللىرىدىكى تەيپىڭ تىيەنگو ئۇرۇشى جەريانىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مالىيەسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. 1878 - يىلى زو زوڭتاڭ بۇ ئۇسۇل بىلەن شىنجاڭدىن ئۆتكەن تاۋارلاردىن لىجىن (ھەق) ئالغان. ئەمما دەسلەپتە ئىزچىللاشمىغان. ئەسلى لىجىن ئا رايوندىن ب رايونغا يۆتكەلگەن ھەر قانداق مالدىن ئېلىشنى كېرەك، ئەمما لىيۇ جىنتاڭ پەقەت شەرقتىن كەلگەن ماللاردىنلا ئالغان. ئۇ گۆچۈڭ ۋە قومۇلدا ئاچال قۇرۇپ موڭغۇلىيە ۋە گەنسۇدىن كەلگەن ماللاردىن لىجىن ئالغان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىدە سودا ئىدارىسى ۋە شەرقىدە لىجىن ئورگانلىرى بولغان بىلەن بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر مۇرەككەپ بوشلۇق بار ئىدى. روسىيە پۇقرالىرى باجسىز ئېلىم - سېتىم قىلىپ، بازاردىن بازارغا كېزىپ، چىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە روسىيە كونسۇلىنىڭ تەسىرىدىن

مۇستەسنا ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ روس پۇقرالىقىنى پەقەت ئاقساقاللار يېزىپ بەرگەن باغاقچە بىلەنلا ئىسپات قىلاتتى. بۇ باغاقچىلار يا روسچە ياكى خىتايچە ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرچە بولۇپ، ئەمەلدارلار ئوقۇيالمايتتى. يەرلىك تىجارەتچىلەر روسىيە پۇقراسى سالاھىيىتىدە ياكى باغاقچىنىڭ كاپالىتى بىلەن ماللاردىن ئېلىنىدىغان لىجىن ۋە باجدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. باغاقچىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكى نەتىجىسىدە بىر قاراڭغۇ بازار شەكىللەنگەن. يەرلىك تىجارەتچىلەر روس ماللىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئاق باغاقچىنى سېتىۋېلىپ ئۆز ماللىرىنى روس مېلى قىلىپ ئۆتكۈزۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ لىجىن كىرىمى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتكەن. 1877 - يىلى لىيۇ جىنتاڭ بۇيرۇق چىقىرىپ لىجىننى ئەمەلدىن قالدۇرغان. شەرقىي تۈركىستان لىجىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بىردىنبىر ئۆلكە بولۇپ قالغان. بۇ قارار ئەمەلدارلارنى مەمنۇن قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاقساقاللار سەۋەبلىك ئورۇنلانماي كېلىۋاتقان ۋەزىپىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان.

سودىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن روسىيەنىڭ ئەنجانلىق ۋە تاتار پۇقرالىرى بېيىغان ۋە يەرلىك كىشىلەرنى يالاپ بازارنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. ئۇلار چىڭ قانۇنىنىڭ ئەمەس، ئاقساقاللارنىڭ قوغدىشىغا بەكرەك تايانغان. 1898 - يىلى قەشقەردە تۇرۇشلۇق روس كونسۇلى ئاقساقاللارغا تەۋەلىك بويىچە ھەق ئېلىشنى بۇيرىغان، بۇنىڭغا ئەنجانلىقلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن قەشقەرلىكلەرمۇ ئاۋاز قوشقان. نەتىجىدە بۇ كىشىلەر ئاقساقال سايلىمىغا قاتناشقان. ئەلۋەتتە بۇ روس پۇقراسى بولۇشنىڭ قەدەملىرىدىن بىرى ئىدى.

چىڭ ھاكىمىيىتى ئۆز ئېلىدە ياشاۋاتقان نوپۇسنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە بولۇپمۇ، چەت ئەللىكلەرنىڭ سالاھىيىتى ۋە سانى ھەققىدە روشەن بىر مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ پۇقرالىق مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ مەسىلە چىڭنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا، يەنى ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىگە ئۆتكەندە تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ ئوردىسى ھەر قايسى ناھىيەلەرگە ئۆز تەۋەلىكىدە تۇرۇۋاتقان چەت ئەللىكلەرنى ئېنىقلاش توغرىسىدا پەرمان چۈشكەن. 1908 - يىلى چىڭ، ئىمپېرىيە بويىچە نوپۇس تەكشۈرمەكچى بولغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندا نوپۇس ئېنىقلاش ئىدارىسى قۇرۇلغان.

نوپۇس تەكشۈرۈش پەرمانى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا قاتتىق ئىنكاس قوزغىغان، ئۇلار تەكشۈرۈش سۈرئىتىنى تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىغا ماس بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. 1909 - يىلى ئاقسۇغا قويۇلغان ئەمەلدار پەنجېن ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ پۇقرالىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇ تەكلىپ بېرىپ روسىيە ۋە بىرىتانىيە پۇقرالىرىنى تىزىمغا ئالغاندا ئەستايىدىل بولۇش، ئۆزىنى چەت ئەل پۇقراسى دېگەنلەرنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىنى ئەتكەس قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. مۇشۇ سىياسەت بويىچە چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ قانۇنسىز مۈلكى مۇسادىرە قىلىناتتى. ئەمما ئوردىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ تەكلىپ ئۆلكە ئەمەلدارلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا نوپۇس ئېنىقلاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com

پىلانى روسىيە ۋە برىتانىيەنىڭ ماسلىششى بىلەن ئەمەلگە ئاشاتتى. پۇقرالارنىڭ كىملىكىنى بېكىتىش ئاقساقاللارسىز ئەمەلگە ئاشمايتتى.

بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا ئەڭ ئالدىدا ماڭغىنى غۇلجىدا بولۇپ يەتتەسۇدىن قايتىپ كەلگەن تارانچىلار ئىچىدە ئۇنۇملۇك بولغان. ئۇلار يېرىدىن ئايرىلغان ئوتاقچىلار ۋە يېرىنى قايتۇرۇپ ئالغانلار دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. روسىيە ئۆزىدىن كەلگەن تارانچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، بەلكى غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق دائىم باج تاپشۇرۇپ تۇرمايۋاتقانلارنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولغان. بۇلار قوش باج تۆلەپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھەم چىڭغا ھەمدە روس كونسۇلىغا باج تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. ئەگەر ئۇلارغا پۇرسەت بېرىلسە كۆپىنچىسى روس پۇقرالىقىدىن ۋاز كەچكەن بولاتتى. چۈنكى شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرگەن مانىنرهېم «روسىيە پۇقرالىقى كىشىلەرنى قىزغاندۇرىدىغان ئەمەس، قىينايدىغان ئىش» دەپ يازغان.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى تەرەپ كېلىشىپ چىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتمەكچى بولغانلارغا ئىجازەت بەرگەن. 1908 - يىلى يەرلىك جۇغراپىيە رىسالىسىدە ئۈچتەن ئىككى قىسىم روسىيە پۇقراسىنىڭ چىڭ پۇقرالىقىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى يازغان. قازاقلارنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىنى خەتلىگەن، تارانچىلارنى بولسا پەقەت باشلىقىنىڭ ئىسمى بىلەنلا خەتلىگەن. بۇ يوچۇق سەۋەبلىك روس دائىرىلىرى پەقەت ئائىلە باشلىقىنىڭ چىڭ پۇقرالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ قالغان كىشىلەرنى ھەتتا ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرىنىمۇ روس پۇقراسى دەپ تۇرۇۋالغان.

## قەشقەرلىك ئىشلەمچىلەر

روسىيە بىلەن تارىم ۋادىسى ئارىسىدىكى يېڭى كارۋانلار تورى قەشقەرلىك بايلارنى روسىيەدە پۇت دەسسەپ تۇرغىدەك شارائىتقا ئىگە قىلغاندىن باشقا، يەرسىز، نامرات دېھقانلارنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ئىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن. روسىيەگە تەۋە تۈركىستاندا قەشقەرلىكلەر دەسلەپ ئانچە كۆپ بولمىغان، بولۇپمۇ ۋېرنىيەدە 1869 - يىلى 69 كىشى بولغان. 1870 - يىللاردا يەرلىك مەتبۇئاتلار كارۋانلارغا ئەگەشكەن قەشقەر كىشىلىرىنىڭ ۋېرنى، قاراقول، توقماق قاتارلىق يەرلەرگە كەلگەنلىكىنى، بۇ يەردىكى ئىش ھەققىنىڭ قەشقەردىكىدىن ئون ھەسسە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى يازغان. نوپۇسنىڭ بۇنداق ئېقىشىنى توسۇش ئۈچۈن ياقۇپ بەگ چىقىۋاتقان كارۋان ۋە ئىشلەمچىلەرگە چەك قويغان، ئەمما ئۈنۈمى بولمىغان.

روسىيە قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرغاندىن كېيىن يەتتە سۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىغا چىقىدىغان ئىشلەمچى مەسىلىسى قېلىپلاشقان. ئىشلەمچىلەر ئاۋۋال ئۆزى تەۋە يۇرتتىن ئىجازەت ئېلىشى تەلەپ قىلىنغان. ئىشلەمچى قەشقەرگە بېرىپ چىڭ ئەمەلدارلىرىدىن پاسپورت (يولخەت) ئالاتتى. يولخەت خىتاي ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا يېزىلاتتى. يولخەتكە روس كونسۇلى ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشلەمچى ھەققىدىكى مەلۇمات روسچىغا تەرجىمە قىلىناتتى. ئىشلەمچى روسىيەگە بارغاندىن كېيىن ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇپ ئالتە ئايلىق ئىجازەتكە ئېرىشەتتى.


چىقىملار قەشقەردىكى بىر ئەڭ نامرات دېھقانمۇ

چىقىرالىغىدەك دەرىجىدە بولۇپ، ھەر يىلى كىرىپ - چىقىش ئۈچۈن قەرىز ئالىدىغانلارمۇ بولاتتى. 1904 - يىلى چىڭ پاسپورتىغا 0.4 تەنگە كەتكەن. ۋىزا دەسلەپتە بىكارلىق بولۇپ، 1894 - يىلىدىن كېيىن يېرىم رۇبلى يەنى تەقرىبەن 15 تەنگە ھەق ئېلىنغان ۋە بۇ ھەق تەدرىجى كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە چىڭ ئەمەلدارلىرى روسىيە پۇقرالىرىدىن ھەق ئالالمىغاچقا ئىچىدە غۇم ساقلاپ كىشىلەرگە پاسپورت بېرىشنى رەت قىلاتتى. چىڭ يامۇلى ياكى روسىيە كونسۇلى ئالىدىغان باشقا غەيرى رەسمى ھەقلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا پاسپورت ۋە ۋىزىنىڭ چىقىمى بەش رۇبلى (50 تەنگە) بولغان. بۇ ئىشتا روسىيەدىمۇ مۇنازىرە بولغان. 1906 - يىلى ھۆرىيەتچى پىكىردىكى «روسىيە تۈركىستانى» دېگەن گېزىتتە يۇقىرىقى چىقىملار سەۋەبلىك ئىشلەمچىلەرنىڭ ئازلىغانلىقى يېزىلغان. نىكولاي پېتروۋسكى قەشقەرلىكلەرنىڭ بىر پەسىلدە 50 - 60 رۇبلى پۇل تاپىدىغانلىقىنى دېيىش ئارقىلىق سىياسىتىنى ئاقلىغان. چېگرادىن چىقىدىغان ھەقلەر ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا كىشىلەر باشقا ئاماللارنى تېپىشقان ۋە قانۇنسىز يوللار بىلەن چاگرادىن چىقىشقا مەجبۇر بولغان. بەزى يولخەتسىز ئۆتكەن قەشقەرلىكلەر تەكشۈرۈشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاغلارنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلارغا يەر تېرىغان. بەزىلىرى تەۋەككۇل قىلىپ باشقىلارنىڭ پاسپورتى بىلەن تۇرۇش رۇخستى (ئىقامەت) ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسەتلەر ئانچە قاتتىق ئىجرا قىلىنماي رەسمىيەتسىز كىشىلەر شىنجاڭغا قوغلاپ چىقىرىلمىغان. 1908 - 1909 - يىللاردا قەشقەرگە كەلگەن ئالاھىدە كونسۇل كائۇنت پاھلىن يەتتەسۇ ۋىلايىتىنىڭ قەشقەرلىكلەرگە پۇقرالىق بېرىۋاتقان ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان.

يېڭى ئەسىر باشلىنىشى بىلەن قەشقەرلىك كۆچمەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ مەلۇم كۆلەمنى ھاسىل قىلغان ۋە روسىيەگە تەۋە تۈركىستاننىڭ تەرەققىياتىدا سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر ئامىل بولۇپ قالغان. 1894 - يىلى چىڭ دىپلوماتى شۇ جىنچېڭ ھەر يىلى قەشقەردىن چىقىدىغان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئالتە - يەتتە مىڭدىن ئاشىدىغانلىقىنى يازغان. بۇ بايانلار 1903 - يىلى پېتروۋسكىنىڭ ئالتە ئاي ئىچىدە ئالتە مىڭ ۋىزا تارقاتقانلىقى بىلەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ئىشلەمچىلەرنى جەلىپ قىلغىنى روسىيەدىكى يۇقىرى ئىش ھەققىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ئىقتىسادى ئىمكانلارنىڭ تارىيىپ كېتىشىدۇر. مەسىلەن، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ بىرىنچى يىلى يەر ئىجارىسى ئىككى ھەسسە ئۆرلەپ كەتكەن. شۇڭا كۆچمەنلەرنىڭ سانى 1905 - يىلى 13 مىڭ، 1906 - يىلى 16 مىڭ، 1908 - يىلى 28 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويىشىچە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يىلىغا ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سەپەر قىلغان. بۇنداق سەپەر دولقۇنىنىڭ تەسىرى قەشقەردە ناھايىتى كۆچلۈك بولغان. تاتار زىيالىلىرى چىقارغان «ۋاقىت» گېزىتىدە يېزىلىشىچە قەشقەر يازدا تاشلاندۇق شەھەرگە ئايلىنىپ قالىدىغان بولۇپ، بايلار شەھەر سىرتىغا، كەمبەغەللەر ئەنجانغا كېتىپ پەقەت ياشانغانلار ۋە قىز - ئاياللارلا قالىدىكەن.

شەرقىي تۈركىستاندا شىنجاڭ (يېڭى چېگرا) دېگەن بىر ئۆلكە تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي بىلەن باغلىنىش ئەمەلگە ئاشماي، روسىيە بىلەن ئالاقە راۋاج تاپقان. 1888 - يىلى كاسپىي دېڭىزىدىن ئۆتىدىغان تۆمۈر يول ئاۋۋال بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكە، 1899 - يىلى ئەنجان ۋە تاشكەنتكە تۇتاشتۇرۇلغان. 1906 - يىلى ئېچىلغان ئورۇنبۇرگ - تاشكەنت تۆمۈر يولى تۈركىستان بىلەن روسىيەنى تېخىمۇ بىۋاسىتە باغلىغان. سىبىرىيەدىن ئۆتىدىغان تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى باشلانغان بولۇپ، بۇ يول مانجۇرىيە ئارقىلىق بېيجىڭغا تۇتىشاتتى. قەشقەردىن بېيجىڭغا ئەڭ تېز بارىدىغان يول مۇشۇ ئىدى. بۇ يوللار سودىگەرلەرنى مەنپەئەتدار قىلىپلا قالماي، روسىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئېكسپورت سودىسىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن. ھەتتا خىتاي ماللىرىمۇ بۇ يوللار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا توشۇلغان. قەشقەرلىك سودىگەرلەر شاڭخەيدىن يۆتكەيدىغان مالنى ئاۋۋال قارا دېڭىزدىكى باتۇمىغا توشۇپ، ئۇ يەردىن تۆمۈر يول بىلەن ئەنجانغا، ئاندىن كارۋان ئارقىلىق قەشقەرگە توشۇپ كېلەتتى. بۇنداق پايدىنى كۆرگەن روسىيە مالىيە مىنىستىرلىكى 1904 - يىلى پەرمان چىقىرىپ خىتايدىن روسىيە ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا توشۇلىدىغان قىممەت تاۋارلاردىن باج ئالماسلىقنى بەلگىلىگەن. شەرقىي تۈركىستانغا قايتا بېسىپ كىرگەن چىڭ ئىمپېرىيەسى سىياسىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، ئەمما ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇيغۇرلار يەنىلا غەربكە تەلپۈنەتتى.

روسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياۋرۇ - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تارانچىلارنىڭ بىر قىسمى ئاللىقاچان روسىيە پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ كۆچمەن قازاق دالاسىدا تېرىمچىلىق ھاياتىنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى. روسىيەنىڭ سودا مۇستەملىكىسى بولغان غۇلجا ۋە تارباغاتايدا خېلى كۆپ تاتار مۇھاجىرلىرى بولۇپ، ئۇلار سودا يولى بىلەن قازان ۋە ئۇفادىكى مۇسۇلمان زىيالىلىرى ۋە ئۇ يەردىكى ئىجتىمائىي ھايات بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. جەنۇبتا روسىيە قوقان خانلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى قەشقەر مۇساپىرلىرى روسىيە پۇقرالىرىغا ئايلانغان. قەشقەردە ياشاۋاتقان ئەنجانلىق كىشىلەرمۇ روسىيەگە تەۋە بولغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەكىللەنگەن بۇ شىمال - جەنۇب پەرقى مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي قالمىغان. شەرقىي تۈركىستان شۇندىن باشلاپ تارىختىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن پەرقلىق ھالدا روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تاتار مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرىدىن ئۆز ئۈلۈشىنى ئېلىشقا باشلىغان. روسىيەنىڭ تۆمۈر يوللىرى ۋە پاراخوتلىرى تارىم ۋادىسىنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن باغلىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. روسىيە بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدىن ئەڭ كۆپ پايدا ئالغىنى روسچە فامىلە قوللانغا سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ چار پادىشاھنىڭ ئىستانبۇلدىكى دۈشمىنى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچلەندۈرۈپ تۇراتتى.■



پروفېسسور دوكتور، تالىپ ئۆزدەش

# شەرقشۇناسلىقنىڭ[1] ئىسلام قارىشى

(1) تۈركچەدە ئورىيانتالىزم دەپ ئېلىنىدۇ.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئادىلجان

شەرقشۇناسلىق (ئورىيانتالىزم) شەرق بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شەرققە تەۋە، شەرق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «شەرق» سۆزىدىن تۈرلەنگەن ئاتالغۇدۇر. كەلىمىنىڭ ئىسلام مەنبەلىرىدە ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدىغان «شەرقىيات» ۋە ئورىيانتالىست مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «شەرقشۇناس» كەلىمىلىرىمۇ ئوخشاش شەكىلدە «شەرق» كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن.

## شەرقشۇناسلىقنىڭ (ئورىيانتالىزم) ئىسلامغا بولغان قارىشى ۋە مۆتىدىل ئىسلام ئېقىمى

رىم ئىمپېرىيەسى دەۋردە يىراق شەرق مەدەنىيىتى بىلىنمىگەنلىكى ئۈچۈن كۈنىمىزدە ئوتتۇرا شەرق سۈپىتىدە بىلىنىۋاتقان رايون شەرق سۈپىتىدە بىلىنەتتى. كۈنىمىزدە شەرق، جۇغراپىيىلىك جەھەتتە تۈركىيەدىن باشلاپ ياپونىيەگىچە سوزۇلغان رايونلارنى ۋە ھەتتا ئافرىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرق (ئورىيانت) تەبىرى، شەرقنى غەرب مائارىپى ۋە ئاڭ ساھەسىگە ئېلىپ كىرىشنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئاتالغۇ. يەنى شەرقشۇناسلىق (ئورىيانتالىزم)، يىراق شەرق بولۇپ، شەرق جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلىرىنىڭ غەرب مەركەزلىك ئاڭ ۋە ئىستراتېگىيىسى بىلەن باغلانغان ئاساستا تەتقىق قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى غەرب كۇلتۇرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا خىرىستىيانلىقنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئورىيانتالىزمغا (شەرقشۇناسلىق) ئىنكاس سۈپىتىدە شەرقچە قاراشنى مەركەز قىلغان ئوكسىدېنتالىزم ئاتالغۇسى تۈرلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىققان.

غەربتە شەرقنى تېما قىلغان بىلىمنى مەقسەت قىلغان ئوبيېكتىپ ۋە مۇسبەت تەتقىقاتلاردىن باشقا ئەرەبچە ۋە ئىسلام تەتقىقاتلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسپانىيەدە ۋە غەرب مەركەزلىرىدە ئاساسەن دىگۇدەك مىسسىئونېرلىق پائالىيەتلىرىدىن مۇستەقىل ھالدا ئېلىپ بېرىلمىغان. ئوتتۇرا ئەسىردە چېركاۋ، ياۋروپانىڭ نوپۇزلۇق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى شەرق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە شەرق تىللىرىنى ئوقۇتۇشقا تەشۋىق قىلغان. 1709 ـ يىلى فرانسىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسى گاللاندنىڭ 1704 ـ يىلى قۇرئان كەرىمنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىشىدىن باشقا مىڭ بىر كېچە مەسەللىرىنىمۇ تەرجىمە قىلىشى بىلەن شەرققە بولغان قىزىقىش تېخىمۇ ئاشقان. مىسىرنىڭ 1798 ـ يىلى فرانسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشى شەرقشۇناسلىق نۇقتىسىدىن دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئارقىدىن 1830 ـ يىلى ئالجىرىيەنى بېسىۋېلىشى، ئافرىقا قىتئەسىنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا كېڭەيگەن مۇستەملىكىلەر شەرقشۇناسلىق ساھەسىگە بولغان قىزىقىشنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتكەن. ماراكەش، تۇنىس قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ئوخشاش ئەھۋال مەيدانغا كەلگەن. نەتىجىدە مۇستەملىكىچىلىك فرانسۇز شەرقشۇناسلىقىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن. شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاش بىر نام ئاستىدا ئىپادىلىنىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئۇچرايدۇ. فرانسىيەدە «شەرقشۇناسلىق» ئاتالغۇسى تۇنجى قېتىم 1799 ـ يىلى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، فرانسىيە تىل تەتقىقات ئاكادېمىيەسى مەزكۇر ئاتالغۇنى 1835 ـ يىلى كۇنىمىزدە بىلدۈرگەن مەنىسىگە ئوخشاش قوبۇل قىلغان. مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى ۋە مۇستەملىكە نىشانلىرىغا چېتىشلىق ھالدا كۈنتەرتىپكە كەلگەن شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا يۇقىرى پەللىگە چىققان. شەرقشۇناسلىق، سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىدىيەسى تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن. ئامېرىكىلىق ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ شەرق تەتقىقاتلىرىغا ئېنىقلىما بېرىشتە ئىشلىتىلگەن. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقشۇناسلىق ئاتالغۇسى، مەرىپەت ئويغىنىش ئېقىمىدىن كېيىن غەربلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ شەرق جەمئىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرىنى چەتكە قېقىش، ئۆزگىلەشتۇرۇش، تۆۋەن كۆرۈش ۋە بىر تەرەپلىمە قاراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرىغا ۋە باھالىرىغا ئىشارەت قىلىدۇ. شەرقشۇناسلىق ئاتالغۇسىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇقتىئىنەزەر ياكى قاراشقا مۇناسىۋەتلىك ھالدا سەلبىي مەنىدە ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «شەرقشۇناسلىق» ناملىق كىتابىدا (1978) ئىشلەتكەن كىشى ئېدۋارد سەئىد ئىدى. بېرنارد لەۋىس قاتارلىق بىر قىسىم غەربلىك تەتقىقاتچىلار ئېدۋارد سەئىد

تەرىپىدىن شەرقشۇناسلىق ئاتالغۇسىغا بەرگەن سەلبىي مەنىنى تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، كۆپلىگەن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى ئېدۋارد سەئىدنىڭ قارىشىغا قوشۇلماقتا. سەئىد شەرقشۇناسلىقنى ئاكادېمىك بىلىم، تەتقىقات مېتودى ۋە قانۇنىي بىر ئورگان سۈپىتىدە پەرقلىق ئۈچ نۇقتىدا ئىزاھلايدۇ. سەئىد، شەرق جەمئىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرىگە ئائىت مەلۇمات ۋە چۈشەنچە بىلەن مۇستەملىكىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇلمىلىق ۋە تارىخىي مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ. شەرقشۇناسلىق ئېقىم سۈپىتىدە غەربكە قارشى «ئۆزگىلەرنى»، يەنى شەرقنى يارىتىپ چىقىدۇ. بۇ ئايرىمدا شەرق يالغۇز ئىسلام دۇنياسىدىن ئىبارەت بولماستىن جۇڭگو، ھىندىستان، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر قوشۇلۇپ غەرب تەرىپىدىن چەتلەشتۈرۈلۈپ ئوخشاش تۈردە كۆرۈلگەن بارلىق كۈلتۈر ۋە مىللەتلەر ئورۇن ئالغان بىر دائىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. غەرب، بۇ زېتلىقنىڭ ئىمتىيازلىق ۋە ھاكىم قۇتۇبى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ قۇتۇپلىشىشتا غەرب ئىلگىرىلەشكە يەنى تەرەققىياتقا، شەرق بولسا قالاقلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يېقىنقى ئىككى ئەسىر ئىچىدىكى شەرق - غەرب مۇناسىۋەتلىرىدە مىسسىئونېرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكەتلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر پەيدا قىلغان. شەرقشۇناسلىق مۇستەملىكىچىلىك ۋە مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن. شەرقشۇناسلىق ئىلمىي غەربنىڭ ئىشغالىيەت ۋە مۇستەملىكە سىياسىتى يولغا قويۇلغان يەرلەردە بىر تەرەپتىن يەرلىكلەرنى خرىستىيانلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ رايونلارنىڭ دىنىي، مەدەنىيەت، ئېتنىك ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى تونۇش ئۈچۈن مۇھىم تەتقىقاتلار ۋۇجۇدقا چىقارغان. بۇ رايونلاردا شەرقشۇناسلىق - چېركاۋ مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلغان. چۈنكى مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى مۇستەملىكىچىلەردىن كېلىدىغان ياردەمگە ئېھتىياجى تۇغۇلۇشتىن باشقا، شەرقشۇناسلاردىن كېلىدىغان مەلۇمات ۋە ياردەمگىمۇ ئېھتىياجى تۇغۇلغان. ئىران ئىنقىلابى، ئەرەب- ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى ۋە پەلەستىن مەسىلىسى، لىۋىيەدىكى ئىچكى توقۇنۇش، چېچېنىستان، بالقانلار، پەلەستىن، ئۇيغۇر رايونىدىكى ۋەقەلەر، ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ۋە ئىراق ئىشغالىيىتى، سۇدان، سومالى، نىگېرىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا كۈنىمىزدىكى شەرقشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ئۆزگەرگەن، تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ھەققىدە غەربتە كۆپلىگەن ئەسەر نەشىر قىلىنغان. كۆپىنچە ھاللاردا بۇ ئەسەرلەردە ھەقىقەتلەر بۇرمىلىنىپ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇنلىغان بوھتانلار چاپلانغان.

دۇنيا مېدياسىدا ئىسلامنىڭ مۇقەددەس قىممەت ئۆلچەملىرى مەسخىرە قىلىنغان پروگراممىلار ئېلان قىلىنماقتا. تارىختا ئەھلى سەلىپ سەپەرلىرىدە ئېلىپ بېرىلغىنىغا ئوخشاش، شەيتانلاشتۇرۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ

www.uyghurkitap.com

كېلىنىۋاتقان ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئارقىلىق ئىسلامنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش ياكى قورقۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلۈشكە ھەرىكەت قىلىنماقتا. شەرقشۇناسلىق، غەرب ۋە ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئېقىمدۇر. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقشۇناسلىق خىرىستىيان غەرب دۇنياسى بىلەن مۇسۇلمان شەرق دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇشنىڭ تارىخى سۈپىتىدىمۇ ئانالىز قىلىنىدۇ. شەرقشۇناسلىقنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەرب دۇنياسىغا تەھدىتىنى ۋە خەۋپىنى يوق قىلىش مەقسەت قىلىنغان. غەربلىكلەرنىڭ شەرقلىقلەرگە بولغان كۆز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئىدىيە ۋە ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشىدا شەرقشۇناسلار مۇھىم رول ئوينىغان. شەرقشۇناسلىقتا ئىسلامىيەت ئىلمىنى تەرەققىياتنى چەكلەيدىغان قالاق بىر دىن ، مۇسۇلمانلار بولسا مەدەنىيەتسىز كۆرسىتىلگەن. فرانسىيە ئاكادېمىيەسى ئەزالىرىدىن ئېرنىست رېنان 1883 - يىلى «ئىسلام ۋە بىلىم» تېمىلىق ماقالىسىدا ئىسلامنىڭ بىلىمگە ۋە تەرەققىياتقا قارشى بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شەرقشۇناسلارنىڭ بارلىق تەتقىقاتلىرى ۋە تەشۋىقاتلىرى بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش، قۇرئاننىڭ چىنلىقىغا داغ چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ ۋەھيي ئىكەنلىكىگە دائىر ئېتىقادنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، قۇرئاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ ئىككىنچى پايدىلىنىش مەنبەسىنى تەشكىل قىلغان سۈننەت ۋە ھەدىسلەرنى، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە شەكىللەنگەن ئىسلامىي بىلىم ۋە پەنلەرنى ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ھېچبىر سۈننەت ياكى ھەدىس قالدۇرۇپ كەتمىگەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن تۇنجى ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئەمىلىيلەشتۈرۈلگەن سۈننەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولماستىن قۇرئان ۋاستىسى بىلەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەرەب ئۆرپ - ئادەتلىرى، دېگەن شەكىلدە تارقىتىشقا ئۇرۇنغان ياكى ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. يېقىنقى مەزگىللەردە ئىسلامنى پروتېستانلىققا (پروتېستان دىنى) ئۆزگەرتىشكە ۋە سېكۇلەر (دىندىن خالىي) تۈسىنى ئالغان بىر ئىسلامنى بەرپا قىلىش مەقسىتىگە پارەللىل ھالدا قۇرئاننىڭ مۇئەييەن ۋاقىتقا تەۋە ئىكەنلىكى، كۈنىمىزدىكى جەمئىيەتلەرگە ۋە دەۋرگە خىتاپلىق قىلالمايدىغانلىقى، قۇرئاندىكى ئايەت ۋە ھۆكۈملەرنى ئەمىلىيلەشتۈرۈش زېمىنىنىڭ ياكى شارائىتىنىڭ يوقلۇقى ۋە بۇلار دىنىنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكى دېگەندەك قاراشلارنى تەرغىپ قىلىۋاتقانلارنىڭ نىيىتىمۇ قەتئىي پەرقلەنمەيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا، مۇستەملىكىچى سىياسەتلەرنىڭ دائىرىسىدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ

ئاجىزلاشتۇرۇلۇشى، مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىلىرىنىڭ يوق قىلىنىشى ياتىدۇ. ئوسمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن ئېتىبارەن بۇ خىلدىكى قاراشلار ۋە ئېقىملار بىر قىسىم ئوسمانىيە ۋە مۇسۇلمان زىيالىلىرىغا ئىنتايىن تەسىر كۆرسەتكەن. ئىتتىھاد ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ئىدىيىلىرى ۋە پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بۇ خىلدىكى ئېقىملارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋاستىلىك يوللار ئارقىلىق ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار نىشانغا ئېلىنغان.

مەلۇم بىر دىنىنىڭ ئىنسان ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىقاد قىلىنىپ چۈشىنىلىشىدە، ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىق قىلىنىشىدا، ئەنئەنە ۋە ئورگانلارنىڭ شەكىللىنىشىدە تەڭشەش ۋە يېڭىلىنىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ تارىختا پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن ۋەھىيلىرى بىلەن، بۇ دائىرىدە قۇرئان ۋە ۋەھيىگە ئىمان ئېيتقان، چۈشەنگەن ۋە تەتبىق قىلغان رېئاللىقتىكى جەمئىيەت ئوخشاش ئەمەس، يەنى ئىسلام بىلەن مۇسۇلمان ئوخشاش نەرسە ئەمەس. ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ ماھىيىتىدە بىرەر مەسىلە، تەبىئىتىدە نامۇۋاپىقلىق ۋە قۇرئان كەرىمدە باتىللىق مەۋجۇت ئەمەس تۇرۇپ، مۇسۇلمان شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ دىن چۈشەنچىسىدە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن ئەنئەنە ۋە ئورگانلاردا بىر قاتار ئامىللارنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە تەڭشىلىشى ۋە تۈزىتىلىشى تېگىشلىك بولغان بەزى نۇقتىلار ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ئىسلاھ قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان بۇ نۇقتىلارنىڭ دىنىي ئاساسلارغا، ئۆز ماھىيىتىگە زىيان بەرمەستىن ئىسلاھ قىلىنىشى، خاتالىقلارنىڭ تۈزىتىلىشى تامامەن مۇمكىندۇر. ئىسلام ماھىيىتى نۇقتىسىدىن بۇ خىلدىكى مۆتىدىللىقتا، دىنامىكلىقتا ۋە بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان مېخانىزىملارغا ئىگە. مەسىلىگە بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئىسلامنىڭ بەزى شەرقشۇناس ۋە مىسسىئونېرلارنىڭ ئىلگىرى سۈرگەن قاراشلىرىدا تەكىتلىگىنىدەك ئىسلاھ قىلىنىشقا پەقەتلا ئېھتىياجى يوق. بىراق دىنىي چۈشەنچە ۋە ئىدىيە يېڭىلانسا ۋە ئىسلاھ قىلىنسا بولىدۇ، يەنى مۇشۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. قۇرئان مۆجىزىۋىلىكى، چىنلىقى، دۇنياۋى جەھەتتە ماھىيەتتە مۇۋاپىق ھالدا ئىنسان ۋە جەمئىيەتنى ھەر جەھەتتىن تولۇق يورۇتۇپ بېرىپ ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە چاقىرىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھۆكۈملىرىنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، ئىناۋەتسىزلىكىنى ۋە تارىختا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى نىشان قىلغان بارلىق نەزەرىيە ۋە ئېقىملارنى چۆرۈپ تاشلاشتەك ماھىيەتكە ئىگە. دەرۋەقە، ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەندىن تارتىپ ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن، نىشانغا ئېلىنغان، بەس ـ مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلاندۇرۇلغان قۇرئان، كۈنىمىزدىمۇ ئۈستىدە ئەڭ كۆپ بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، باھا ۋە ئانالىزلار ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

بىر تىپما سۈپىتىدە دۇنيا كۆلەمدە تىبىدىن ئورۇن ئالماقتا. شەرقشۇناسلىقنىڭ «قۇرئاننىڭلا ئىسلاملىقى» نامى ئاستىدا بىر ئاتالغۇ ئىجاد قىلىپ چىقىپ دىنىنىڭ قۇرئاندىن قالسىلا ئىككىنچى دەرىجىلىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدىغان سۈننەت ۋە ھەدىسلەر ھەققىدە گۇمان ۋە شۈبھە پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلىشى، قۇرئاننىڭ ۋە دىنىنىڭ توغرا شەكىلدە چۈشىنىلىپ ئاڭلىنىشىدا سۈننەت ۋە ھەدىسلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشتەك قىلمىشى، ھىندىستان ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مودېرنىزىم ئىدىيەلىرىنى تەرغىب قىلىشى قاتارلىقلار، يەنىلا بۇ ئېقىم ۋە ئىدىيەلەرنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك بولمايدىغانلىقىغا، شەرقشۇناسلىقنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە كېلىپ قېلىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز. ئەسلىدە ۋەھيى چۈشكەندىن ئېتىبارەن ئىسلامنىڭ تەبلىغ قىلىنىپ ئۆگىنىلىشى ۋە تۇرمۇشقا تەتبىق قىلىنىشىدا تەپسىر، فىقھى، كالام، تەسەۋۋۇپ قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىنىڭ، ئىسلامىي ئەنئەنە ۋە ئورگانلارنىڭ شەكىللىنىشىدە قۇرئان - سۈننەت ۋە ھەدىسلەر ئوتتۇرىسىدا بەدەن ۋە روھقا ئوخشاش پارچىلانمايدىغان بىر باغلىنىشلىق ۋە بىر پۈتۈنلۈك مەۋجۇت. بۇ باغلىنىشلىق ۋە تەۋھىد بىرلىكى، بۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان بارلىق ئۇرۇنۇشلارنى يوققا چىقىرالايدىغان ماھىيەتكە ئىگە. بۇنداق بولۇشى، ھەرگىزمۇ سۈننەتنىڭ ئاغزاكى شەكلى بولغان ھەدىسلەرنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىر قاتار تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇر قاتارلىق شەرت - شارائىتلار ئىچىدە شەكىللەنگەن ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ، ئەنئەنە ۋە ئورگانلارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈلمەيدىغانلىقى، بۇلار ئۈستىدە قايتىدىن باھالار بېرىلمەيدىغانلىقى، تەنقىدىي پوزىتسىيە ۋە ئانالىزلار بىلەن تېخىمۇ بېيىتىشقا تىپما بولمايدىغانلىقى مەنىسىگە كەلمەيدۇ. ھېكمەت ئىزدىنىشكە ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىلىم جۇغلانمىلىرىغا ۋە دۇنياۋى تەجرىبىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشلىرى ئەسلىدە دىن تەشۋىق قىلىدىغان ئەھۋال. بىراق بۇ ئەھۋال، پەرقلىق تەجرىبىلەرنى ۋە ئىلىم جۇغلانمىلىرىنى ئۆز مەدەنىيەت دائىرىسىدە تۇرۇپ قوبۇل قىلىش، مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى چىقىش قىلغان ئاساستا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. دەرۋەقە، بىر زامانلاردا ئەندەلۇس، ئىستانبۇل ۋە باغدات قاتارلىق مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان غەربلىكلەر بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ۋە مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن پايدىلىنىشتا ئۆز مەدەنىيەت دائىرىسىدە تۇرۇپ ئىسلاھ قىلىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. تولىمۇ ئەپسۇسكى، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان ئوسمانىيە زىيالىلىرى، مەغلۇبىيەت پسىخىكىسىنىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ غەربلىكلەردەك مۇشۇنداق بىر ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. ئەسلى مەنبەلىرىدىن ئۇزاقلىشىپ زور دەرىجىدە تارىخ ۋە

مەدەنىيەت ئېڭىنى يوقىتىپ قويغان.

ئىنسان ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇمىنىڭ ۋاستىسى بىلەن پىكىر قىلىدىغان مەخلۇقتۇر. شۇڭا ھەر قانداق بىر كۇلتۇر مۇھىتىدىكى ئىنسان ياكى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ياكى ئىسلاھ قىلىنىشى، يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ياكى مەۋجۇت ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنىڭ مۇئەييەن بىر مەقسەتكە ئاساسەن قايتىدىن تەڭشىلىپ لايىھەلىنىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىنى ئۆزىنىڭ نىشان ۋە سىياسەتلىرىگە ماس ھالدا ئۆزگەرتىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان شەرقشۇناسلىق ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئېقىملار ۋە بىر قاتار «مەركەزلىرى» دەل بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ. ئىسلامنىڭ مەنبەسى ھەممىگە مەلۇم. قۇرئان ئىسلامى، ئەرەب ئىسلامى، تۈرك ئىسلامى، سۈننىي ئىسلامى قاتارلىق ئاتالغۇلار مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىغا ھۆكۈمران بولۇشىنى، مەۋجۇت ئاتالغۇلارنى ئەسلى مەنبەسىدىن بۆرمىلاپ ئۇنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان ئاتالغۇلاردۇر. ئىمان، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە قانۇن ساھەلىرىدە بېكىتكەن پىرىنسىپ ۋە ھۆكۈملەر بىلەن ئىنسان ۋە جەمئىيەت ھاياتىنى تەۋھىد پۈتۈنلۈكى ئارقىلىق ھەر جەھەتتىن قورشاۋغا ئالغان، گەرچە مۇسۇلمانلار ئۇستىدە ئىختىلاپ قىلىدىغان مەسىلىلەر بولسىمۇ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بويىچە ئۇستىدە ئىتتىپاقلىق ھالىتىدە ۋە ئىزچىل ئەمەل قىلىشقا ۋە ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ كەلگەن ئىسلامنى «ئەرەب ئىسلامى»، ھەتتا تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ «ئەمەۋى ئىسلامى» دەپ ئاتاشقا ئۇرۇنۇشلار، دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەن «مەركەزلەر»نىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن.

بۇ خىلدىكى ئېقىملارنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە كۇلتۇرنىڭ شەكىللىنىشىدە دىن ئورنىغا ئېتنىك قۇرۇلمىنى ۋە تىلنى مەركەز قىلغان، دىنىنى ئۆرپ - ئادەت ۋە فولكلورلۇق ئامىل، دەپ قارايدىغان، ئىسلامنىڭ مەدەنىيەت لايىھەلىرىنى، ئۇممەت روھىنى يوقىتىپ قويغان مىللەتچى قاتلاملاردا بازىرى چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز.


«مۆتىدىل ئىسلام» پىكرىمۇ، شەرقشۇناسلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى گۇرۇپپىلار ۋە بەزى «چوڭ مەركەزلەر» ۋاستىسى بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئاتالغۇلار تىزمىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئىسلام ماھىيىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە رادىكاللىقنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ، مۇبالىغە قىلىشتىن ۋە يۈزەكى قاراشتىن خالىي تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنى ئوتتۇرا (مۆتىدىل، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرالايدىغان) ۋە يارامىلىق بىر ئۇممەت- مىللەت بولۇشقا تەشۋىق قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ئاساس قىلىنغاندا، مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئاساسسىز ۋە سىياسىي غەرەزنى چىقىش قىلغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. مۆتىدىل ئىسلام لايىھەسى، 1990 - يىللاردىن كېيىن، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى

يىمىرىلگەندىن كېيىن دۇنيانىڭ قايتىدىن شەكىللەندۈرۈلۈشىگە قارىتىلغان خىزمەتلەرگىچە سوزۇلىسىمۇ، ئەسلىدە مەزكۇر لايىھەنىڭ ئىسمى قويۇلمىغان ھالەتتە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سوزۇلغانلىقىنى قوبۇل قىلىش لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت لايىھەلىرىنىڭ ۋە كېلەچەككە دائىر قاراشلىرىنىڭ يوق قىلىنىشى، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئىگە بولغان دۇنيا قارىشىنىڭ ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ زەئىپلىشىشى دەل مۆتىدىل ئىسلام لايىھەسى بىلەن بىۋاسىتە چېتىشلىق. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەمكارلىشىش زېمىنىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئۈممەت روھىنىڭ يوق قىلىنىشى، ئىسلامنىڭ ئېتىنىك قۇرۇلمىنى ۋە تىلنى ئاساس قىلغان مىللەتچى ۋە سېكۇلەر (دىندىن خالىي) مەنتىق زېمىنىدا دۇنيادىن ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىن خالىي ھالدا چۈشىنىلىپ ھاياتقا ئەمىلىيلىشىشىنى نىشان قىلغان لايىكلىق (دىندىن خالىلىق) ئىدىيەسىنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى بولسا غەربنىڭ ۋە شەرقشۇناسلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى مەركەزلەرنىڭ ۋە مۆتىدىل ئىسلام لايىھەسىنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانىدۇر. سامۇئىل خانتىڭتۇننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيەسى، 11- سېنتەبىر ۋەقەسى ۋە كېيىنكى چوڭ ۋەقەلەر ئاساس قىلىنىپ، بىر ئىسلام تېررورىزمى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇلغان. دۇنيانىڭ قايتىدىن شەكىللىنىشىدە مۇسۇلمانلار تېررورىزم بىلەن تامغىلىنىپ نىشان ئوبيېكتىغا ئايلانغان. بىر زامانلار سادام ھۈسەيىننى ۋە ئافغانىستاندا رۇسىيەگە قارشى كۈرەش قىلغان كۈچلەرنى قوللىغان غەرب ۋە ئامېرىكا، سىياسەتنى ۋە نىشانىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن بۇ كۈچلەرنى جىنايەتچى، دەپ ئەيىبلەپ نىشان ئوبيېكتى ئېلان قىلىپ ئىشغالىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇغان ئىدى. قۇتراتقۇلۇق، زوراۋانلىق ۋە ئىشغالىيەتلەر بىلەن بىر تەرەپتىن تېررورىزمنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىپ شەيتانلاشتۇرۇلۇشقا ئۇرۇنۇلغان بىر ئىسلام، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىيە ۋە مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقىلىق ئاتالمىش رادىكال ئىسلامغا قارشى بەرپا قىلىنىشقا ئۇرۇنۇلغان مۆتىدىل ئىسلام لايىھەسىدۇر.■

**پايدىلانمىلار**


1. ئەھمەت كاۋاس، «ئۆتمۈشتىن كۈنىمىزگىچە فرانسۇز شەرقشۇناسلىقى ۋە قۇرۇلۇشلىرى»، دىنىي ئىشلار باشقارمىسى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2003 - يىل.
2. ئېدۋاد سەئىد، «شەرقشۇناسلىق»، تەرجىمە قىلغۇچى: نەزىھ ئۇزەل، ئىرفان نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1995 - يىل .
3. مەھمۇت مۇتمان، «شەرقشۇناسلىقنىڭ سايىسىدا: غەربكە قارشى ئىسلام»، ئىلەتىشىم نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1996 - يىل.
4. رەجەپ شەنتۈرك، «شەرقشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيەسى» دىنىي ئىشلار باشقارمىسى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2003 - يىل.
5. مەھمەت دوغان، «غەربلىشىش: مەغلۇبىيەت ئىدېئولوگىيەسى»، 2008 - يىل.

نەدىيم جىسر



# زىيالىي ياشلىرىمىزنىڭ ئىمان ۋە دىندارلىق سىنىقى

نۆۋەتتە بىز، ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي ياشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاتېئىزمغا يېقىنلىقى، ئاز بىر تۈركۇم دىندارلىرىنىڭمۇ دىنىي ئىبادەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە سەل قاراۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ۋايساۋاتقان ئېغىر بىر ئىجتىمائىي ھادىسىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. بۇ ھادىسە ئەرەب - ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىلمىي ئويغىنىش دەۋرى بىلەن تەڭ باشلاندى؛ ئويغىنىشنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ خەۋپمۇ ئېغىرلىشىپ باردى. ئىسلاھاتچىلارنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ئاتېئىزم ۋە دىنىي مەسئۇلىيەتلەرگە سەل قاراشتا گەۋدىلەنگەن قوش بىسلىق بۇ ھادىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبلىرىنى توغرا مۇلاھىزە قىلىش ئۈچۈن، ياشلىرىمىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى، ياشىغان مۇھىتى ۋە ئەقلىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان پىكىرلەرنى ياخشى ئىگىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ياشلىرىمىز ئەقلىي، جىسمانىي، مايىللىقى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ئەقلىنىڭ كۈچى، ئەقلىنىڭ ۋەسۋەسىسى، ئىلمىنىڭ كۈچى ۋە ئىلمىنىڭ ۋەسۋەسىسى دېگەندەك ھەر خىل ئېقىملارنىڭ ئارىسىدا قايمۇقۇپ يۈرمەكتە.

ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەسلىك، ئاتېئىستلارنىڭ دۈشمەنلىكلىرى، مۇستەملى-كىچىلەرنىڭ نەيرەڭلىرى، تارىخچىلار ۋە شەرق-شۇناسلارنىڭ خاتالىقلىرى، پىسخىك چىگىشلىك ۋە ناچار مۇھىت قاتارلىقلار بىز دۇچ كەلگەن بۇ يوچۇن ھادىسىنىڭ سەۋەبلىرى بولۇپ، سانىنىڭ كۆپ، دائىرىسىنىڭ چېگىش ۋە مۇرەككەپلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ تاشقى، بەزىلىرىنىڭ ئىچكى، بەزىلىرىنىڭ ئەقلىي، يەنە بەزىلىرىنىڭ پىسخىك ئىكەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ بولسا، بىر قىسىم جايلاردا ئېغىر، بىر قىسىم جايلاردا

يەڭگىل ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ خىل چېگىنىشلىك، مۇرەككەپلىك، خىلمۇخىللىق، ئاشكارا - يوشۇرۇنلۇقلار مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ياشلىرىمىزنى ئەگەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەقلىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ۋە زۆرۈر تەلىپى ئىكەنلىكىگە؛ دىنىي مەسىلىلەر بىلەن ئەقىل ۋە ئىلىم ئارىسىدا زىتلىق يوقلۇقىغا قايىل قىلالمىساق، ئۇلار ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارغا ساغلام تەلىم - تەربىيە، ئىلىم - مەرىپەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەلمىسەك، ئەمەل قىلمايدۇ.

## ئىسلامدا ئەقىلنىڭ كۈچى

ئىسلامنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئەڭ ئالىي مەرتىۋىنى ئەقىلگە نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنى چۈشىنىشكە ھاۋالە قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە بىزنى ئىچكى دۇنيامىزدا قىلىدىغان ئىمان - گۇمان كۈرەشىمىز ۋە مۇشرىكلار - ئاتېئىستلارغا ئوخشاش باشقىلار بىلەن قىلىدىغان بەس - مۇنازىرىلىرىمىزدە مۇراجىئەت قىلىشىمىزنى بۇيرۇغان بۇ ئەقىل، ئەقەللىيسى يولدىكى پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتىن تارتىپ ۋەھدانىيەت ۋە ئۇلۇھىيەتكە ئوخشاش كائىناتتىكى چوڭ ئىشلارغىچە بولغان بارلىق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلامدا ئەقىلگە زىت ئىمان ۋە ئەقىلگە زىت نەس (ئايەت - ھەدىس-ت) يوق؛ ئەقلىي جەھەتتە زىتلىق باردەك كۆرۈنگەن پۈتكۈل ئايەت - ھەدىسلەر، بىزنى ئۇنى ئەقلىي زىتلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان شەكىلدە تەۋىل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

## ئەقىل ۋەسۋەسىسى

ئىمان ۋە دىن مەسىلىلىرىدىكى ئەقىلنىڭ ئورنىغا ئالاقىدار مىساللارنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئەقلىي ئىمكانسىزلىق بىلەن ئادەتتىكى ئىمكانسىزلىق؛ ئەقىل يۈرگۈزۈش ئىمكانسىزلىقى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىنچىلىقى؛ پۈتكۈل ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى قوشۇلىدىغان ئەقلىي ھۆكۈملەر بىلەن ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى دەتالاش قىلىدىغان يەككە نەزەرىيەلەر ۋە ئۇزۇل - كېسىل توغرا ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن پىكىر سەھنىسىدە گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقاپ كېتىدىغان، توغرىلىقى پۈتۈنلەي جەزملىشىپ بولمىغان ئىلمىي قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئەقىل ۋەسۋەسىسىگە ئالاقىدار گۇڭگىلىقلارنى ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مەزكۇر ھەقىقەت ۋە پەرقلەرنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، كۆپىنچە كىشىلەر ھەتتا يۇقىرى مەلۇماتلىق زىيالىيلارمۇ قىلتىقىغا چۈشۈپ كېتىدىغان ئەقىل ۋەسۋەسىسىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ياشلار ئەقىل ۋەسۋەسىگە مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ھەرقانداق دىنىي مەسىلە توغرىسىدا مەيلى ئۆز ئىچكى دۇنياسىدا ياكى باشقىلار بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلغاندا بۇ پەرقلەرگە تولۇق دىققەت قىلىشى كېرەك.

ئەقلىي ئىمكانسىزلىق - بىر ئۇچىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ ياكى جۈزئىيلىك

ئومۇمىيلىقتىن چوڭ، دېگەندەك مەۋجۇتلۇقى ياكى يوقلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش زىتلىق پەيدا قىلىدىغان ئەھۋاللارنى؛ ئادەتتىكى ئىمكانسىزلىق بولسا، يۈز بېرىشى ياكى يۈز بەرمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەقلىي جەھەتتە زىتلىق پەيدا قىلمايدىغان، ئەمما ئىلاھىي مۆجىزىلەر ئارقىلىق كائىنات قانۇنىيەتلىرىنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىشىغا ئوخشاش بىز ئادەتتە يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قاراپ كەلگەن ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنە، بىر نەرسىنى ئويلاش ئىمكانسىزلىقى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىنلىقى ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرقلەر بار. ئويلاشقا بولىدىغان، ئەمما ئەقلىي جەھەتتىن تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن نۇرغۇن ئىشلار بار. مەسىلەن، ئىلىم - پەن ئىنچىكە ھېسابلاش ئارقىلىق ئاۋاز دولقۇنلىرىنىڭ بىر سېكۇنتتا 500 مىڭ قېتىم تەۋرەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بۇ ھەقىقەتنى ئويلاش مۇمكىن بولسىمۇ، ئەقىل ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىز دىققىتىمىزنى ھەرقانچە مەركەزلەشتۈرسەكمۇ، بىر سېكۇنت ۋاقىتتا 500 مىڭ ھەرىكەتنىڭ سىغدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. بىراق، تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ قىيىنلىقى بىزنى ئويلاشنىڭ ئىمكانسىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك. چۈنكى، تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈز بېرىشى ئەقلىي جەھەتتىن ئىمكانسىز بولمىغاندەك، ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئاسانغا توختايدۇ، دەيدىغان ئىشمۇ يوق.

يەنە، ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى توغرىلىقىنى ئىككىلەنمەستىن بىردەك قوبۇل قىلىدىغان ئەقلىي قاراش بىلەن بەس - مۇنازىرىگە ئۇچۇق ئايرىم نەزەرىيەلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق بار. مەسىلەن، بىر ياش دىنغا ئالاقىدار بىر مەسىلە توغرىسىدىكى ئەقلىي بەس - مۇنازىرىدە، «بۇ مېنىڭ قارىشىم، بۇ مېنىڭ پىكرىم» دېمەسلىكى كېرەك. (ئەگەر شۇنداق دەپ قالسا) ئۇنىڭغا، «بىر كىشىلىك ئەقلىڭلا ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ، ئەمما، بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق يەكۈنى دەلىل بولالايدۇ.» دەپ جاۋاب بېرىمىز.

ئەقلىي جەھەتتىن توغرىلىقى ئۈزۈل - كېسىل ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن توغرىلىقىنى جەزملەشتۈرىدىغان كەسكىن پاكىتلار بولمىغان؛ توغرىلىقىنى ئىنكار قىلىپ، خاتالىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان يېڭى پاكىتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى بولغان ئىلمىي نەزەرىيە ۋە قاراشلار ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق بار. بۇنىڭ يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقى، قۇياشنىڭ ھەرىكىتى، ئېلېكتىر ماگنىت كۈچى، كەسكىن ھەقىقەتلەر تونىغا ئورۇنغان تارىخ سەپسەتىلىرى دېگەندەك نۇرغۇن مىساللىرى بار. ياشلار، توغرا، دەپ ئويلىۋالغان، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ناتوغرىلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدىغان يېتەرسىز ئىلمىي قاراشلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، دىنىي مەلۇمات ياكى مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلىدىغان بەس - مۇنازىرىلەر توغرىسىدا كەسكىن قاراشلىرىنى بايان قىلماسلىقى لازىم؛ ئۇنداق بولمىغاندا، خاتا نۇقتىغا بەرپا قىلىنغان ئىنكارچىلىق بىناسى ھەقىقەتنىڭ نامايەن بولۇشى بىلەن تەڭ گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدۇ.

**ئەقلىنىڭ ئىسلامدىكى كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەسىلىلار**

1 ـ كائىناتنى ياراتقۇچى زاتنىڭ مەۋجۇتلۇقى: بۇ بارلىق ساماۋى كىتابلار بايان قىلغان ھەقىقەت بولۇپ، ئەقىل ئىگىلىرىگە سۇنغىنىمىزدا، ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئەقلىي زىددىيەت شەكىللەندۈرمەيدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئىنكار قىلىشنىڭ ئەقلىي زىددىيەت يارىتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. چۈنكى، بۇ ئالەمنىڭ سەۋەبسىز ۋە ياراتقۇچىسىزلا پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنداقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ناھايىتى روشەن زىتلىق شەكىللەندۈرىدۇ؛ يەنە سەۋەبنىڭ نەتىجىنى پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇنى ئىلگىرى سۈرۈشمۇ ئېغىر ئەقلىي زىتلىق شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئىككى ئىمكانسىزلىق قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: «ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟» (تۇر سۈرىسى 35 ـ ئايەت).

2 ـ ئاللاھنىڭ بىرلىكى (ۋەھدانىيەت) بارلىق ساماۋى كىتابلاردا بايان قىلىنغان ھەقىقەت بولۇپ، ئەقىل ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يەردە ئەقلىي زىتلىق يوق، ئەكسىچە كۆپ ئىلاھلىق توغرىسىدىكى سۆزلەر ئەقلىي جەھەتتە زىتلىق پەيدا قىلىدۇ.

3 ـ ساماۋى كىتابلاردا بايان قىلىنغان مۆجىزىلەر مەسىلىسى: ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەقلىي جەھەتتىن زىتلىق پەيدا قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن ئىمكانسىزلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاللاھنى كائىناتنىڭ ۋە قانۇنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى، دەپ ئىشىنىدىغانلاردا ئەقلىي زىتلىق پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، مۆجىزىلەر كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن ھالقىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەتتە يۈز بېرىشى ئىمكانسىز بولسىمۇ، ئەقلىي جەھەتتىن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئۇنىڭدىن ھالقىيالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانسىز ئەمەس. بىز ئىلاھىي مۆجىزىلەرنى ئىلمىي ئىزاھلاشنى رەت قىلىمىز. چۈنكى، بۇنداق ئىزاھلىغاندا، مۆجىزە مەنىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ ۋە بىز مۆجىزىنى قوبۇل قىلىشنى خالىغان زىيالىي ياشنىڭ ئىدىيەسىدە ئىلمىي جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن بولمايدىغان ئەقلىي بۇرۇقتۇملۇق پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

4 ـ قۇرئان كەرىمدە تەكتىلەنگەن تىرىلدۈرۈلۈش مەسىلىسى: ئەقلىي جەھەتتىن تىرىلىشنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش زىددىيەتلىك مەسىلە ئەمەس، ئەمما تىرىلىشنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەقلىي جەھەتتىن زىددىيەتلىكتۇر. چۈنكى، تىرىلدۈرۈش ئەسلىگە كەلتۈرۈشتۇر. ئىنساننى دەسلەپ قېتىم ياراتقان زات ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىردۇر، ھەتتا بۇ تېخىمۇ ئاساندۇر.

## چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشنى قولايلاشتۇرۇش

ئايەت ـ ھەدىسلەرنى، دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى چۈشىنىشنى قولايلاشتۇرۇش زىيالىي ياشلارنى ئىبادەت ۋە كۆرسەتمىلەرنى ئادا قىلىش تەرەپكە جەلپ قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ياشلار ئۆيي، مەكتەپ ۋە بەزى دىنىي ئۆلىمالارمۇ

تەس چۈشىنىدىغان ھەتتا كۆرۈپلا زېرىكىدىغان كىتابلار دۆۋىسى تەرىپىدىن، ھەر بىر سوئالغا ئاچچىقلىنىش، ھەر بىر سوئال ئىشارىتىگە لەنەت ئېيتىش، مۇۋاپىق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشنى كۇفرىلىق ھېسابلايدىغان قاتمال مۇسۇلمان يېتەكچىلەر تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان بۇ چۈشىنىش قولايلىقىدىن مەھرۇم قالماقتا. چۈشىنىشنى قولايلاشتۇرماسلىقىقا ئاددىيلا بىر مىسال كەلتۈرىمەن. قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگە خىتاب قىلىپ، «شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق» (يۇسۇف سۈرىسى 2 ـ ئايەت) دەيدۇ.

قۇرئان كەرىمدە كېچە ـ كۈندۈز رادىئو ئاڭلاپ تۇرىدىغان زىيالىي ياشلىرىمىز مەنىسىنى بىلمەيدىغان مىڭدىن ئارتۇق ئەرەبچە سۆز بار. ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، ئەرەب ئەمەسلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى!

زىيالىي ياشلىرىمىزنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق شەكىلدىكى دىنىي كىتابلار بىلەن تەمىنلىشىمىز، مەكتەپلەردە چۈشىنىش ـ چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئوقۇتۇش ماھارىتىگە ئىگە، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، دانا شۇنداقلا زامانىۋى ياشلارنىڭ ساپاسىغا ماس مەدەنىيەت ـ ساپاسىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا ئوقۇتۇشىمىز كېرەك.

## زىيالىيلار ۋە خۇراپاتلىق

زىيالىي ياشلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇۋاتقان ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرى، شەرىئەتنىڭ ئىككى ئاساسىي مەنبەسى ـ قۇرئان ۋە ھەدىس كۆرسەتمىلىرى ئارقىلىق رەت قىلىنغان، ئىسلامغا يېپىشىۋالغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا مۇناسىۋەتسىز بىدئەتلەر، خۇراپاتلىقلار ۋە شەك ـ شۈبھىلەردىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر ياشلار قۇرئاننى ۋاراقلايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھەر بىر سۈرىسى ھەتتا ھەر بىر سەھىپىسىدە ھەق سۆزنى ئۈستۈن، ئەقىلنى يولباشچى، ئەمەلنى دەلىل، ئۆلىمالارنى گۇۋاھ قىلغانلىقىنى؛ ھەقىقەت بىلەن ئالاقىسى يوق گۇمانلاردىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى، خۇراپاتلىق ۋە سەپسەتىلەرنى سۆككەنلىكىنى، ئىلاھىيلىق بىلەن ئىنسانىيلىقنى كەسكىن ئايرىغانلىقىنى، يوشۇرۇن شېرىكنى سادىر قىلىشتىن پەۋقۇلئاددە قورقۇتقانلىقىنى، ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ۋاستىسىز ئالاقىسىنى بايان قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ.

ياشلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزاكى ۋە ئەمەلىي كۆرسەتمىسى بولغان سەھىھ سۈننەتلەرگە نەزىرىنى ئاغدۇرىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇراپاتلىقلاردىن ھەممىدىن بەك يىراق تۇرغۇچى؛ چىراقچىلىق، كاھىنلىق، سېھىر ۋە ئاللاھتىن باشقىسىدىن مەدەت تەلەپ قىلىشنىڭ ئەڭ قاتتىق ئىنكار قىلغۇچىسى؛ ئىنسانلىقتىن ھالقىشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئاللاھ ئىبادەت قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرغۇچىلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئىكەنلىكىنى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، رەقىسى ـ ساماغا ئايلاندۇرۇۋەتمەستىن ئاللاھ تائالانى ئەڭ كۆپ زىكىر قىلىدىغان؛ ئاددىي ـ ساددا، كىچىك پېئىل ياشايدىغان، ئىخلاسىنىڭ تەبىئىيلىكىدىن رىيانىڭ مۇرەككەپلىكىگە ئېغىپ كەتمەيدىغان بىر زات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بېسىم ۋە ئۈمىدسىزلىك

بېسىم ۋە ئۈمىدسىزلىك، ياشلارنىڭ دىنىي بەلگىلىمە ۋە قائىدە - يوسۇنلاردىن يىراقلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. بالىلىق مەزگىلىدە ئاتىسىنىڭ ياكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دىنىي ئىبادەتلەرگە يېتەكلەش ئۇسۇلى، ياشلاردا روھىي بېسىم پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئىبادەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ خىل روھىي بېسىملارنىڭ ئورنىنى بالىلارغا نىسبەتەن قىزىقتۇرۇش، رىغبەتلەندۈرۈش، تەسىر كۆرسىتىش قاتارلىقلارنىڭ ئىگىلىشى؛ بالاغەتكە يەتكەن ياشلارغا بولسا، روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش دېگەندەك ئىبادەتلەرگە ۋاقىت ئاجرىتىلغان كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇلارغا، سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا، سۇ تېپىلمىغاندا نامازنى ئادا قىلىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش شۇنداقلا ئۇلارنى ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، يەنە ھەنبەلى مەزھىبىنىڭ بىرەر مۇۋاپىق سەۋەب بولۇپ قالسا، ئىككى نامازنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆگىتىشىمىز لازىم.

ياشلار ھاياتىدا ياشلىق مەزگىلىنىڭ شوخلۇقى، يەڭگىللىكى، تەرسالىقى، ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدىغان ئېغىشلار كۆرۈلىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىسا، كۆڭلىدە ئۈمىدسىزلىك يالقۇنى پەيدا بولىدۇ؛ ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلار قۇرئان كەرىمنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش - ئاگاھلاندۇرۇش مېتودى بويىچە يول تۇتىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىك تاملىرىدا ئۈمىدۋارلىق كۆزنەكلىرى ئېچىلىپ، تەۋبىنىڭ يولىنى تۇتقان بولاتتى.

ياشلاردىكى ئۈمىدسىزلىك تۇغۇلۇشىنىڭ ئارقىسىدىكى يوشۇرۇن خەۋپ، ئاتېئىزم ۋە بۇزۇقچىلىق يولىغا كىرىپ كەتكەن ياشلاردا، ئاتېئىزم توغرىسىدا بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش، ئىبادەتلەرنى مەسخىرە قىلىش، ئاخىرىدا ئېغىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ياۋروپادىكى دىن ئادەملىرى بىلەن مۇتەپەك- كۇرلارنىڭ بەزى مۇتەپەككۇرلارنى شۈبھىچىلىككە ئىتتىرگەن؛ ماركسىزمچى ماتېرىيالىستلارنى كۇفرى ۋە ئاتېئىزمغا ئېلىپ بارغان؛ دىنىي ئىشلارنى پەس كۆرۈش، دىن ۋە دىن ئادەملىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش بىلەن تۈگەللەنگەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان نىزا تارىخىنى ئوقۇغان زىيالىي ياشلىرىمىز دورامچىلىق ۋىرۇسىنى يۇقتۇرۇۋالدى.

ياشلاردا زېھنىدىكى بىلەرمەنلىك، ئەقىل ۋەسۋەسىسى ۋە ئىسلام ھەقىقىتىنى بىلمەسلىك بىلەن روھىي دۇنياسىدىكى بېسىم ۋە ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلغان پىكرىي بوشلۇقنى ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەر قانداق بىر پىكىر بىلەن تولدۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ-دە، بۇ ئۇلارنى شۈبھىچىلىكتە غەربلىكلەرنى دوراشقا يۈزلەندۈرىدۇ. ئارقىدىن ھازىرقى دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي مۇشكىلاتلىرى مەزكۇر بوشلۇقنى تېخىمۇ زورايتىدۇ-دە، دىنسىز ماركسىزمچىلارنى دوراشقا يۈزلىنىدۇ.

## ئېزىلەڭگۈلۈك ۋە تەسلىمچىلىك

بۇ، ساپا زاھىدلىقىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمىگەن، ئىلغارلىقنى دەپ دىنىي ئىبادەتلىرى ۋە ئىسلامىي قەدىر - قىممىتىدىن بىرلا ۋاقىتتا ۋاز كەچكەن بەزى ياشلاردا كۆرۈلىدىغان ھالەتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىنسىز ئەمەس، بەلكى بەزىلىرى ئىچكى دۇنياسىدا مۆمىن بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇلار، ياتلارنىڭ - يالىڭاچلارنىڭ سورۇنلىرىغا قېتىلغىنىدا، گەرچە كىچىك بىر تەنتەربىيە كۇلۇبى، تۇترۇقسىز ياكى دىنسىز بىر سىياسىي پارتىيەنىڭ ئەزاسى بولۇشىغا قارىماي، ئېيتىخارلانغان ھالدا ئۆزلىرىنى دىنىي قائىدە - يوسۇنلارغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغان زامانىۋى ئىلغارلاردەك قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىزنىكىنى تاقاپ، شوئارىنى تووۋلاۋاتقانلىقىنى، ئېيتىخارلانغان ھالدا ئۇنىڭ تەرىپىنى تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئەمەلىيەتتە ئۇلار، دىنىي بەلگىلىمىلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل مىللەتلەرگە بارلىق ساھەلەر بويىچە گۈزەل ئۈلگە بولغان شانلىق تارىخقا ئىگە ئۇلۇغ ئۇممەتنىڭ مەنسۇپلىرىدۇر. تارىخنى ئوقۇپ ئىمتىھانلاردىن ئەلاچى بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىۋاتقان ياشلىرىمىزدىكى بۇ تەسلىمىيەتچىلىك، ئۇلارنىڭ تارىخ بىلمەيدىغانلىقىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ.

ياشلاردىكى ئىمان ئاجىزلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنىڭ ئۆي، مەكتەپ ۋە مەسجىدلەردىكى ناچار ئۈلگە بولۇشى مۇمكىن. ئۈلگە ھۆرمەت ۋە ئىشەنچنى تاياندۇر قىلىدۇ؛ ياشلارنىڭ كۆڭلىدە دىنىي زاتلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت، ئىلمىگە، ئەخلاقىغا ۋە گەپ - سۆزلىرىگە نىسبەتەن ئىشەنچ بولمايدىغانلا بولسا، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، كېرەكسىز دىنىي زاتلار ياشلارنىڭ ئاتېئىزمغا يۈزلىنىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. بۇنى تۈگىتىشنىڭ چارىسى، بىر ئەۋلاد ئاتا - ئانىلارنى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان يارامىلىق ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش ئىقتىدارىغا ئىگە تولۇق بىر ئەۋلاد دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ.

## جامائەت پىكرىنىڭ كۈچى

ياشلىرىمىز ئارىسىدىكى كۇفرىنى ئاشكارىلاپ، دىننى مەسخىرە قىلغۇدەك؛ باشقىلارنى ئازدۇرۇپ، ئۇممەتنى خار كۆرگۈدەك دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇلارنى پۈتكۈل روھىي، ئەقلىي كېسەللىكلەرنى داۋالىغاندەك بەزىدە ئۆگىتىش، كۆڭلىنى ئۇتۇش، يېتەكلەش ئۇسۇلى بىلەن؛ يەنە بەزىدە بېسىم ئىشلىتىپ داۋالىشىمىز كېرەك. بېسىم ئىشلىتىش جامائەت پىكرىنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، ئىسلام بەلگىلىمىلىرىدە كۆرسىتىلگەن جامائەت پىكرى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر جامائەت پىكرى دىنسىزلىقنى ئىپادىلىگۈچىلەرنى رەت قىلسا ياكى ئۇلارنى چەتكە قاقسا، ئۇنىڭ ئىسلاھ قىلىشتىكى ئۈنۈمى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

## ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش شەرتلىكى

زىيالىي ياشلارنى داۋالاشنىڭ ئاخىرقى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بىرىنچى ئۇسۇلى ئۇلارنى

ئىمان ئېتىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىگە؛ ئۇنىڭ پراگماتىزم پەلسەپىسىدىكى ئىنسانىي ئېھتىياج ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىشىمىزدۇر. بۇ، بىكار پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەت؛ ھەقىقەت بولغانلىقى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ھەقىقەت بىلەن پايدىلىق بولۇش بىر شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ، دەيدىغان بۇ پەلسەپە نىگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا توغرا ئەمەس. ئەمما بۇ، ئۇنىڭدىكى خاتا نۇقتىلارنى بايان قىلىشنىڭ ئورنىمۇ ئەمەس. بىراق بىز ئۇنى «پايدىلىق نۇقتىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەقىقەت توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزەمدۇق ياكى ھەقىقەتلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، مۇھىم مەنپەئەتلەر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزەمدۇق؟» دېگەن سوئالنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىمىز.

ئىككىنچىسى بىلەن باشلىساق دەيمەن، ئەمما، دىن توغرىسىدىكى شەك - شۈبھىلەر چىرمىۋالغان بۇ ياش بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلغاندا مەنپەئەت ۋە ئىماننىڭ قايسى نۇقتىلىرىغا مەركەزلىشىمىز؟

شۈبھىسىزكى، باشلىنىش نۇقتىمىز ئۇ ياش بىلەن بىز ئۇنىڭ «ھەق ۋە زۆرۈرىيەت (ئىمان)» ئىكەنلىكىدە بىردەكلىك ھاسىل قىلالايدىغان بىر ئىش بولۇشى لازىم. ئۇ نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ «ئىنسانلىقىمىز»؛ ئۇ ياش ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق مەسىلىلەردە دەتالاش قىلىشى مۇمكىن.

داڭلىق ئىسلام پەيلاسوپى ئىبنى مىسكەۋەيھ، ئىنسان بىلەن پۈتكۈل ھايۋانلار ئارىسىدىكى بىردىنبىر ئالاھىدىلىك «گۈزەل ئەخلاق» تۇر دەيدۇ. ئىنسان ھايۋانلاردىن ئەقلىدىن ئىبارەت بىرلا ئالاھىدىلىك بىلەن پەرقلىنىدۇ، دېيىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئىلمىي تەتقىقاتلار، ھايۋانلارنىڭ ھاياتىغا دائىر كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئاڭقىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنداقكەن، بىزنىڭ باشقا بىر خىل ئالاھىدىلىكنى بولۇپمۇ ئىنساننىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىق، شۇنداقلا ئۇنىڭ «ئىنسان» دەپ ئاتىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىكنى ئىزدىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان ۋىجدانىدا ئەكس ئېتىدىغان ئەخلاقلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئىبنى مىسكەۋەيھدىن ئەسىرلەر كېيىن دارۋىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ۋىجدان ياكى ئەخلاق ئىنسان بىلەن ھايۋان ئارىسىدىكى ئەڭ روشەن پەرق، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىن كانت مەزكۇر ئەخلاقىي ھېسنى روھلارنىڭ ئەبەدىيلىكى، قىيامەت ۋە ئاللاھنىڭ ئادىل ھۆكمىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلدى... ئادىل، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بىرلا نەرسە بۇ ئەخلاقىي ۋىجداننى تولۇق قوغدىيالايدۇ.

ئىنسانلىقىمىزغا ئېرىشىش ئىجتىمائىي تەلەپ بولسىمۇ، ئۇ ئەخلاقىمىزسىز روياپقا چىقمايدۇ؛ ئەخلاقىمىز بولسا، ئىمانسىز مۇھاپىزەت قىلىنالمايدۇ. شۇنداقكەن، ئىمان ئىنسانلىقىمىزنى مۇستەھكەملەيدىغان ئەخلا-قىمىزنى تۈپتۈپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.■